# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

INFORMATION OF CENTRAL ASIA

中亚信息



4
1998

 目 次 1998年第3期 (总第81期)

新疆维吾尔自治区
科学技术委员会
主 办

(双月刊)

编委会:
主任委员:
张曰知
副主任委员:
顾家马俞
王本年
夏尔甫丁·夏木西
委员:
姑丽素木
艾来提
米娜娃
主编:
姑丽素木
执行主编:
艾来提
编辑与翻译:
米娜娃
牙尔买买提
穆娅莎
本期责任编辑:
艾来提

每双月25日出版

## 综述

俄罗期天然气的现状与未来…………(3)
独联体国家的农业近况…………(9)

## 投资

克孜勒奥尔达州的投资项目…………(16)
哈降低铜生产成本规避灾难…………(23)

## 石油与天然气

哈萨克斯坦石油工业发展史…………(24)
俄罗斯和土库曼斯坦就天然气运输问题达成妥协…………(27)

## 市场与价格

新疆棉快些出疆…………(29)
塔吉克斯坦扩大棉纤维出口…………(22)

## 边贸信息

俄罗斯有意提高部分关税…………(15)
新疆边贸成绩斐然…………(30)
吉尔吉斯斯坦举办了中国商品与新技术展销会…………(49)

## 经济经纬

私有化奠定了阿塞拜疆的未来…………(32)
塔吉克斯坦金融市场现状…………(37)
1998—吉尔吉斯斯坦的经济增长年…………(40)

## 特别报道

中亚毒品走私揭秘…………(41)

## 国际联网信息

俄新产省油型柴机小汽车…………(23)
哈、乌、吉签署共同利用水资源协议…………(26)
新疆航空公司驻阿拉木图营业所开业…………(28)
乌鲁木齐海关加强对进口废旧金属的监管…………(48)
110亿美元的石油运费…………(49)

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى


1988 ـ يىلىدىن باشلاپ
نەشر قىلىنىۋاتىدۇ
1998 ـ يىل 4 ـ سان
ئومۇمىي 81 ـ سان
تەھرىر ھەيئىتى:
مۇدىر:
جاڭ يۆجۈ
مۇئاۋىن مۇدىرلار:
گۇ جيايۇي
ۋاڭ بىننىيەن
شەرىپدىن شەمشى
ھەيئەت ئەزالار:
گۈلسۇم ئابدۇۋايىت
غەيرەت توختى
مۇنەۋۋەر قادىر
مەسئۇل مۇھەررىر:
گۈلسۇم ئابدۇۋايىت
مەخسۇس مەسئۇل مۇھەررىر:
غەيرەت توختى(04)
مۇھەررىر ۋە تەرجىمانلار:
مۇنەۋۋەر قادىر(01)
يارمۇھەممەت ئىبراھىم (02)
مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم (03)
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
غەيرەت توختى
ھەر جۈپ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى
نەشىردىن چىقىدۇ


## «ماتېرىيال»


رۇسىيىدىكى تەبىئىي گازنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى
ۋە كەلگۈسى .............................. (3)
مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر-
نىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى يېزا ئىگىلىك
ئەھۋالى .............................. (9)


## «مەبلەغ سېلىش»


قازاقىستاننىڭ قىزىل ئوردا ئوبلاستىدىكى مەبلەغ
سېلىشقا تېگىشلىك تۈرلەر .................. (16)
قازاقىستان ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مىس ئىش
لەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتى ......... (23)


## «نېفىت ۋە تەبىئىي گاز»


قازاقىستان نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىيات
تارىخى .............................. (24)
رۇسىيە بىلەن تۈركمەنىستان تەبىئىي گاز
توشۇش مەسىلىسىدە مۇرەسسەلەشتى ......... (27)


## «بازار ۋە باھا»


شىنجاڭ پاختىسى تېزراق سېتىلىۇن ......... (29)
تاجىكىستان پاختا تالاسىنى ئېكسپورت قىلىش
كۆلىمىنى كېڭەيتتى .................... (22)


## «چېگرا سودا ئۇچۇرلىرى»


رۇسىيە بىر قىسىم تاۋارلارنىڭ ئىمپورت تاموژنا
بېجىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۇمىد قىلىدۇ .... (15)
شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسى كۆرۈنەرلىك
نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ
مۇھىم ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى ........... (30)
قىرغىزستان جۇڭگو تاۋارلىرى ۋە يېڭى
تېخنىكىلار كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى ........... (49)

## «ئىقتىسادىي بايان»

خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ۋە ئەزەربەيجاننىڭ كەلگۈسى ........................ (32)
تاجىكىستان پۇل - مۇئامىلە بازىرىنىڭ ئەھۋالى ........................ (37)
1998 - يىلىدىكى قىرغىزستاننىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ........................ (40)

## «ئالاھىدە خەۋەر»

ئوتتۇرا ئاسىيا زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ........ (41)

## «ئىنتېرنېت ئۇچۇرلىرى»

رۇسىيە كىچىك دىزېل ماشىنىسىنى يېڭىدىن ياساپ چىقتى........................ (23)
قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزستان قاتارلىق ئۈچ دۆلەت سۇ بايلىقىدىن ئورتاق
پايدىلىنىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى ........................ (26)
شىنجاڭ ئاۋئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئالما - ئاتادا تۇرۇشلۇق تىجارەت ئورنى ........ (28)
ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئىمپورت قىلىنغان كېرەكسىز مېتاللارغا بولغان نازارەت ۋە
باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى ........................ (48)
11 مىليارد ئامېرىكا دوللىرلىق نېفىت توشۇش ھەققى ........................ (49)

# رۇسىيىدىكى تەبىئىي گازنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كەلگۈسى

تەبىئىي گاز بىزنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدىكى ھەرقايسى ساھەلەردە كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى، ئەگەر تەبىئىي گاز بولمىسا رۇسىيە ئىقتىسادىدا ۋە باشقا ساھەلەردە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش ئىنتايىن تەس ئىدى. بەختكە يارىشا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نېفىت تارماقلىرى رۇسىيە خەلق ئىگىلىكىدىكى كۆپ ساھەلەرگە ئوخشاش كرىزىس ھالىتىگە چۈشۈپ قالمىدى. ئېھتىمال تەبىئىي گاز بولمىغان بولسا بارلىق ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يىمىرىلىشىدىن ساقلىنىپ قېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان بىرەر نەرسە بولمىغان بولاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، رۇسىيە تەبىئىي گاز سانائىتىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات ئەھۋالى، نۆۋەتتە ئۆزگىرىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بازار شارائىتىدا قانداق ئۇسۇللارنى قوللانغاندا تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، توشۇش ۋە سېتىشتا پايدىلىق بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ھەرقانداق ئادەم بىپەرۋا پوزىتسىيىدە بولماسلىقى كېرەك.

دۇنيا تەبىئىي گاز زاپىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن رۇسىيە ياۋروپا ۋە ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇشتەك جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى ۋە بىرلىككە كەلگەن تەبىئىي گاز تەمىنلەش زامانىۋى سىستېمىسىنىڭ ياردىمىدە دۇنيا ئېنېرگىيە بازىرىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. رۇسىيىدىكى بازارلارنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېقىلغۇ ۋە خىمىيە سانائىتى خام ماتېرىياللىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرالايدۇ، شۇنداقلا تەبىئىي گاز ئېكسپورت مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە.

رۇسىيىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئالدى بىلەن دۆلەت ئىچىنى تەبىئىي گازلاشتۇرۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىلگىرى، زور مىقداردىكى تەبىئىي گازنى چوڭ خېرىدارلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئاساسلىق خىزمەت دەپ قارىغاچقا، تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش غول لىنىيىلىرىگە يىراق بولغان شەھەر ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارنى تەبىئىيگاز بىلەن تەمىنلەش تورىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يېتەرلىك بولماي، مىليونلىغان رۇسىيە ئاھالىلىرى بولۇپمۇ يېزا قىشلاقلاردىكى ئاھالىلەر تەبىئىي گاز يېقىلغۇ ماتېرىيالىنى ئىشلىتىشتەك ئەۋزەللىكتىن بەھرىمان بولالمىدى.

**ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىدىغان ۋاقىت كەلدى**

نۆۋەتتە، رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدىكى ھەرقايسى چېگرا رايونلار ۋە ئوبلاستلار تەبىئىي گازلاشتۇرۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى بېكىتتى، پىلاندا 2010-يىلىدىن ئاۋۋال، غەربىي سىبىرىيىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار، ئارخانگېلىسكى ئوبلاستى ۋە مۇرمانسكى ئوبلاستى قاتارلىق جايلارنى تەمىنلەيدىغان تەبىئىي گاز مىقدارىنى 1.4-1.5 ھەسسە ئاشۇرۇش، مەركىزىي قارا تۇپراق بەلۋېغى رايونلىرىنى " پىششىق يېقىلغۇ ماتېرىيالى " بىلەن

تەمىنلەشنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مۆلچەرلەندى. مۇشۇنداق قىلغاندا، بۇ رايونلاردا تەبىئىي گاز ئىشلىتىدىغان تۇرالغۇ جاي 75% كۆپىيىدۇ.

تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش يېڭى لىنىيىسى ۋە نورمىلىق تەمىنلەش لىنىيىسىنى قۇرۇش بىلەن بىرگە، يۇقىرى ۋە تۆۋەن بېسىمدا تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش تور لىنىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پىلانلىدى، رۇسىيە تەبىئىي گاز ھەسسىدارلىق شىركىتى بۇ مۇھىم تۈرگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ.

تەبىئىي گاز يەتكۈزۈپ بېرىش غول لىنىيىسىگە يىراق بولغان شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ تەبىئىي گاز مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا كىچىك كۆلەملىك تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش ئەڭ مۇھىم ئەمەلىي رول ئوينايدۇ. ئىلگىرى رۇسىيىنىڭ ياۋروپاغا تەۋە زېمىنىدىلا ئومۇمىي زاپاسى 843 مىليارد كۇب مېتىر كېلىدىغان كىچىك تىپتىكى تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىن 160 ى بار بولۇپ، ئۇنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي ئاساس تورغۇزۇش، باھانى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە باج يىغىش سىياستى قاتارلىق بىر يۈرۈش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

تەبىئىي گازنى كېڭەيتىشتە قوللىنىلىدىغان بىر يۈرۈش چارە ـ تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىلەشتىشنى چۆرىدىگەن ھالدا، شەھەر ۋە ئاھالىلەرنىڭ تەبىئىي گازغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى باشقا جەھەتلەرگە قارىغاندا تېز بولۇپ، ئېھتىياج تۈزۈلمىسى مەركىزىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ. دۆلەت بەلگىلىگەن ئاھالىلەرنى تۆۋەن باھالىق تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەشنى قامداش سىياستى يۇقىرىقى مەسىلىلەردە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

**رۇسىيە ـ خەلقئارا تەبىئىي گاز بازىرىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرى**

رۇسىيە يېقىن قوشنا دۆلەتلەرنىڭ تەبىئىي گاز ئېكسپورت قىلىشىدا موھىم رول ئوينايدۇ، شۇڭا ئىككى تەرەپ بۇ دائىرىدە ھەمكارلاشقاندا دائىم مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي سىياسىي ۋەزىيىتىنى شەرت قىلىدۇ.

ئۇكرائىنا، بېلورۇسىيە، مولداۋىيە ۋە بالتىق دېڭىزى ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، رۇسىيە بۇ دۆلەتلەرنى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق دۆلەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تاشقى كاۋكاز دۆلەتلىرى تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گاز بايلىقىغا تايىنىپ ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، بۇ خىل ئەھۋال بۇندىن كېيىن يەنە بىر نەچچە يىل داۋاملىشىدۇ.

رۇسىيە يېڭى مۇستەقىل دۆلەتلەر ئىگىلىكىنىڭ قايتا تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ رۇسىيە تەبىئىي گاز مەھسۇلاتىغا بولغان ئېھتىياجى 2000 ـ يىلىدىن ئاۋۋال 10 ـ 15 مىليارد كۇب مېتىر، 2010 ـ يىلىدىن ئاۋۋال 20 ـ 25 مىليارد كۇب مېتىر ئاشىدىغانلىقىغا مۇتلەق ئاساسىمىز بار دەپ، قارايدۇ.

رۇسىيە ياۋروپا تەبىئىي گاز بازىرىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى بولۇۋاتقىنىغا 25 يىل بولدى، كەلگۈسىدىمۇ بۇ بازارنى داۋاملىق ئىگىلەش رۇسىيە ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

رۇسىيە غەربىي ياۋروپانىڭ تەبىئىي گازغا بولغان ئېھتىياجىنى، ھازىرقى قېزىش ئىقتىدارى ۋە باشقا دۆلەتلەردىن تەبىئىي گاز ئىمپورت

قىلىش تەرەققىيات يۆنىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى 1995-يىلدىكىدىن 70-80 مىليارد كۇب مېتىر ئاشۇردى.

دائىرىنى كېڭەيتىش، رۇسىيىنىڭ تەبىئىي گاز ئېكسپورتىدىكى ئىشەنچ ۋە جانلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، رۇسىيە «يامال-ياۋروپا» تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى.

مەزكۇر قۇرۇلۇشنىڭ باسقۇچلارغا بۆلۈنۈپ ئەمەلىيلىشىشى رۇسىيىدىكى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدىكى تەبىئىي گاز بازارلىرىدا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئۆزگىرىشلەرگە تېزدىن ماسلىشىش شۇنداقلا ئىقتىسادىي جەھەتتە يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت.

«يامال-ياۋروپا» قۇرۇلۇش لىنىيىسى ياۋروپانىڭ چوڭ تىپتىكى گاز يەتكۈزۈش لىنىيىسىگە مەقسەتلىك بېقىنلاشتۇرۇلغان. بىرىنچى باسقۇچتا تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلغان جاي نادام - پۇر - دوزوۋسكىدىن CPTO — دولنوك گاز يەتكۈزۈش سىستېمىسى ئارقىلىق، رۇسىيە ۋە بېلورۇسىيىدىكى گاز يەتكۈزۈش تورۇبىسى بىلەن پولشاغا يەتكۈزۈلىدۇ.

## خەلقئارا بازارنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، رۇسىيە تەبىئىي گاز سانائىتى ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ تاشقى ئىقتىسادىي سىياسىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. ئىلگىرى رۇسىيە پەقەت قوشنا دۆلەتلەردىكى خېرىدارلارغا تەبىئىي گاز سېتىش بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا، ھازىر تەبىئىي گاز يەتكۈزۈپ بېرىش سىستېمىسىنى قۇرۇش، ئۆزگەرتىش مەبلەغ سېلىش ۋە ياۋروپا قۇرۇلۇقىنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىقلارغا ئاكتىپ قاتناشماقتا. مۇشۇنداق قىلىش رۇسىيە بىلەن خەلقئارا بازارنىڭ بىرپۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىشىنى كۈچەيتىپ، ياۋروپا تەبىئىي گاز شىركىتى بىلەن بولغان ياخشى مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىلىق.

تۈركىيە ۋە باشقا بالقان رايونلىرىدىكى دۆلەتلەرنى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، رۇسىيە ھازىرقى ئەسلىھەلەرنى ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇش، ئۇكرائىنا، رۇمىنىيە، پورتۇگالىيە، تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەت چېگرىلىرىدىن ئۆتىدىغان تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش ئەسلىھەلىرى ۋە تۇرۇبا لىنىيىسى قۇرۇلۇشىنى پىلانلىماقتا، بۇنىڭدىن باشقا يەنە، قارا دېڭىزنى كېسىپ ئۆتۈپ تۈركىيىنى بىۋاسىتە تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش لىنىيىسىنى قۇرۇشقا تەييارلانماقتا.

مۇھاكىمە باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان شىمالىي ياۋروپانىڭ نىشانى، غەربىي شىمال ياۋروپا دۆلەتلىرىنى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش، رۇسىيىنىڭ تەبىئىي گاز مەھسۇلاتىنى فرانسىيە، شىۋېتسىيە ۋە دانىيە ئارقىلىق غەربىي ياۋروپاغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت.

رۇسىيە ئىتالىيىنى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش ھەمدە ۋېنگىرىيە، كرودىيە ۋە سېربىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن جەنۇبىي ياۋروپادىن ئۆتىدىغان گاز يەتكۈزۈش

تۇرۇبىسىنى ياتقۇزۇشنى پىلانلىماقتا، رۇسىيە تەبىئىي گاز سانائىتى ھەسسىدارلىق شىركىتى بىلەن ئىتالىيە «مونتەرسون» شىركىتى ھەمكارلىشىپ تاماملايدىغان مەزكۇر پىلاننىڭ مەقسىدى، ئىتالىيىگە گاز يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىتالىيىنىڭ گاز ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا سېتىلىدىغان رۇسىيىنىڭ تەبىئىي گاز مىقدارىنى ئاشۇرۇش.

ئەگەر ئۇزۇن مەزگىللىك بازار ۋەزىيىتى تەرەققىياتىنى مۆلچەرلىسەك، 2020ـ يىلىدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، رۇسىيە تەبىئىي گاز بازىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى بىر بازارنىڭ قۇرۇلۇپ تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى خۇلاسىلەر گرېتسىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە ۋە باشقا غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ تەبىئىي گازغا بولغان ئېھتىياجىنى مۆلچەرلەش ئارقىلىق چىقىرىلغان.

شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى تەبىئىي گاز بازارلىرىنىڭ يېتەرلىك تەرەققىي قىلماسلىقىغا تۆۋەندىكى ئۈچ ئامىل ئاساسلىق سەۋەبچى بولغان: بۇ دۆلەتلەردە تەبىئىي گاز بايلىقى كەم، مۆلچەرلىنىشچە 2005ـ يىلدىن كېيىن مەزكۇر رايونلارنىڭ تەبىئىي گازغا بولغان ئېھتىياجى ھەر يىلى 18ـ20 مىليارد كۇپ مېترغا يېتىدىكەن، ھازىر شەرقىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئاساسەن سۇيۇلدۇرۇلغان نېفىت گازىنى ئىمپورت قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرماقتا، ئەھۋالدىن قارىغاندا 2005ـ2007ـ يىللىرىدىن كېيىن ئۇلار يېڭى تەبىئىي گاز مەنبەسىگە ئېھتىياجلىق بولىدىكەن.

بۇ مەنبەلەرنىڭ بىرى رۇسىيە بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى رۇسىيە ھازىر شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش پىلانىنى تۈزمەكتە. 2000ـ يىلىدىن كېيىن ئىركۇتسكىغا يېقىن تەبىئىي گاز قېزىش مەركىزى قۇرۇپ، قېزىلغان تەبىئىي گازنى ئىركۇتسكى رايونلىرىغا يەتكۈزمەكچى. بۇ مەركەز ئاساسىدا، ياقۇتىيەنىڭ غەربىي جەنۇب رايونى چوڭ تىپتىكى تەبىئىي گاز بازىسىغا ئايلىنىشى مۇمكىن، مۇشۇنداق بولغاندا، رۇسىيىنىڭ شەرقىي غەرب سىبىرىيە، يىراق شەرق رايونلىرى ھەتتا جۇڭگو، چاۋشەن ۋە كورىيەلەرنى زور مىقداردىكى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى سودا-سانائەتچىلەر مۇشۇنداق بىر تەبىئىي گاز بازىسىنىڭ قۇرۇلىدىغانلىقىغا ئىنتايىن قىزىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھازىر يۈرگۈزۈلىۋاتقان ئىقتىسادىي تېخنىكا خام چوتى شەرقىي سىبىرىيىدىن تاشقى مۇڭغۇلىيە ئارقىلىق شەرقىي ئاسىيانىڭ مەركىزىگە ھەتتا جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىسى رايونلىرىغىچە تۇتۇشىدىغان تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسىنىڭ قۇرۇلۇش مۇمكىنچىلىكىنى ئىپادىلىدى. رۇسىيىنىڭ ھازىرقى بايلىق زاپىسىغا قارىغاندا، بىر قىسىم تەبىئىي گاز چاۋشەنگىمۇ يەتكۈزۈلۈشى مۇمكىن. شۇڭا، نۆۋەتتىكى ئاساسلىق ۋەزىپە خەلقئارا ئېھتىياجغا ماس كېلىدىغان ئىقتىسادىي تېخنىكا تەييارلىقىنى تەپسىلىي قىلىش ۋە بۇ ئاساستا زور كۆلەملىك تۈرلەرگە پۇل ئاجرىتىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت.

2010ـ يىلىدىن كېيىن، غەرب ( ئىركۇتسكىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە قازاقىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى ) ۋە شەرقتىكى ( ساخالىن ئارىلىنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقى ) تەبىئىي گاز ئېقىمى رۇسىيىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىردىن-بىر تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش سىستېمىسى

بولۇپ قالدۇ. بۇ سىستېما ئىركۇتسكتىن ۋلادىۋوستوكنىڭ كەڭ رايونلىرىغىچە بولغان جايلارنى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە ئاسىيا رايونلىرىغا ھەر يىلى 50 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېكسپورت قىلىدۇ.

**سانائەت تۈزۈلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش شەرت**

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئېنېرگىيە بازارلىرىنىڭ كەسكىن رىقابىتى بىر يۈرۈش چارە- تەدبىرلەر ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاپ، تەشكىلىي تۈزۈلمىنى تېزدىن مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

رۇسىيە تەبىئىي گاز ھەسسىدارلىق شىركىتى يۈرگۈزىۋاتقان ئاساسىي تۈزۈلمە بۇيرۇق خاراكتېرلىك ئىگىلىك مەزگىلىدە تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، شۇ مەزگىللەردە مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت بازارلىرى ئىنتايىن كەم ئىدى، بۇ خىل شارائىتتا تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنىڭ تېخنىكىلىق ئىشلەپچىقىرىش رولىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇش ۋە تەبىئىي گاز بىلەن ئىشەنچلىك تەمىنلەشكە تەشكىللەپ، دۆلەتنىڭ ئېھتىياج ۋە ئېكسپورت قىلىش مىقدارىنى قاندۇرۇشتا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جايلار ئىچكى قىسمىدا ئەڭ چوڭ چەكلىمە دائىرىسىدە ئۆز-ئۆزىنى قامداشنى يولغا قويۇش تەلەپ قىلىنىدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن، رۇسىيە تەبىئىي گاز ھەسسىدارلىق شىركىتى چارلاپ تەكشۈرۈش ۋە رېمونت قىلىش تارمىقى، ماشىنا ياساش تارمىقى، زاپچاس ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى، تەبىئىي گاز قېزىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى ۋە خەلق ئىگىلىكى قارمىقىدىكى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى قاتارلىقلارنى قۇردى.

شۇڭا، تەبىئىي گاز سانائىتى ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە زور كۆلەمدىكى پۇل قايتۇرۇشنى كەينىگە سۈرمىشتەك شارائىتتا، ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى ساقلاپ قالدى ۋە كېلىشىمدە بېكىتىلگەن تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش كۆرسەتكۈچىنى تاماملىدى، شۇنىڭ بىلەن، 1991-يىلدىن 1996-يىلغىچە بولغان ۋاقىتتىكى رۇسىيىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلىشى 46.7% بولغان ئەھۋال ئاستىدا، تەبىئىي گازنىڭ قېزىلىش مىقدارى پەقەت 5.1% تۆۋەنلىدى.

نۆۋەتتە، رۇسىيە ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، بازار رىقابىتى مۇھىتى قەدەممۇ-قەدەم بارلىققا كېلىۋاتىدۇ، تەبىئىي گاز سانائىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىمۇ ھەم شۇنداق. بۇ خىل ۋەزىيەتتە، بىر قىسىم بالدۇر قۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەت تۈرىدىكى خىزمەتلەر بەزى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشلارغا ئەكس تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇنىڭدىن باشقا، رۇسىيە تەبىئىي گاز سانائىتى ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ ھازىرقى ئورگىنى يېڭى قانۇن ۋە سىياسەتلەرنى تامامەن بېكىتىپ چىقمىدى.

1996-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى، كارخانا ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت پائالىيىتىنى ئانالىز قىلىش ئاساسىدا، رۇسىيە تەبىئىي گاز سانائىتى ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ كەسىپنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تۈزۈلمە ئىسلاھات پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، بىر قاتار چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىچكى قىسمىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاپ،

ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بازار شارائىتىغا تېخىمۇ ياخشى ماسلىشىش ئۈچۈن قولايلىق ياراتتى.

مەزكۇر پروگراممىغا ئاساسەن، رۇسىيە تەبىئىي گاز سانائىتى هەسسىدارلىق شىركىتى تەبىئىي گازنى دۆلەت هالقىپ سېتىش شىركىتىنى قۇردى ۋە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى.

تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش شىركىتى تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى مەشغۇلاتچىلىرىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىش ۋە بەلگىلەنگەن «ئېنىق» باهاغا ئاساسەن تەبىئىي گاز ترانسپورتىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى تەڭ باراۋەر ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئىقتىسادىي ئاساس ياراتقىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈزۈن مەزگىللىك كېلىشىم ۋە ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشقا زىيىنى يوق.

رۇسىيە تەبىئىي گاز سانائىتى هەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاهاتىدا ئالدى بىلەن ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى بىلەن ياردەمچى تېخنىكا مۇلازىمەت تارمىقىنى ئايرىۋېتىش، قېزىش ۋە ترانسپورتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى، كارخانىلارنى تۈرلەرگە ئايرىش، كۆندىلىك تەشكىلىي تۈزۈلمىنى، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنى، سانائەت قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنى، خەلق ئېگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنى ۋە باشقا تارماقلارنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش كېرەك. رۇسىيە تەبىئىي گاز سانائىتى هەسسىدارلىق شىركىتى تەكچۈكلۈك جەدۋىلىدىكى ئىجتىمائىي ئاساسىي ئەسلىهەلەر تۈرىگە مەسئۇل بولۇپ، كەلگۈسىدە بۇ مەسئۇلىيەتنى شەهەرلىك ئورۇنىنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرقى بەلگىلىمىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش نەتىجىسى رۇسىيە تەبىئىي گاز سانائىتى هەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ ئۇنۇملۈك باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى قۇرۇشىغا ئەڭ زور چەكلىمىدە ئىشچى ۋە خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىپ كەسىپ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ.

رۇسىيە تەبىئىي گاز سانائىتى هەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق ئىسلاهاتى دەسلەپكى قەدەمدە ئۇنۇم بەردى، تەجرىبىلەرنىڭ توپلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئورگان ئىسلاهاتى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ ۋە ياخشىلىنىدۇ.

ئومۇمیۈزلۈك تۈزۈلمە ئىسلاهاتى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەيدىغان بىرلىككە كەلگەن سىستېما تۈزۈلمىسى ۋە تېخنىكىلىق جەهەتتىكى مۇكەممەللىكنى ساقلاش كېرەك. تەبىئىي گاز سانائىتىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىشى، تېخنىكا ۋە تۈزۈلمە جەهەتتىكى بىرلىكى، بۇ دائىرىدىكى خىزمەتلەرنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇئەييەن رولغا ئىگە ئامىل بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل مۇمكىنچىلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ:

بىرلىككە كەلگەن تېخنىكا ۋە مەبلەغ سېلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش؛

مەبلەغنى كارخانىلار ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدىغان چوڭ تۈرلەرگە زور كۆلەملىك مەبلەغ سېلىش؛

تەبىئىي گازنىڭ ياخشىسىنى تاللاپ چەتكە چىقىرىش؛

هازىرقى بايلىقتىن ئەڭ يۇقىرى ئۈنۈمدە پايدىلىنىش؛

تەبىئىي گاز ئېكسپورت ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىش.(01)

# مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى يېزا ئىگىلىك ئەھۋالى

يېزا ئىگىلىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردە بۇرۇنقىدەكلا خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق تارمىقى دەپ قارالماقتا. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %12 نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە گرۇزىيە %50، مولداۋىيە، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە ئەرمېنىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %30، ئەزەربەيجان %27، ئۇكرائىنا %20، بېلورۇسىيە، قازاقىستان ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن %12، رۇسىيە %9 نى ئىگىلىگەن، لېكىن غەربتىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا سالمىقى يەنىلا ناھايىتى يۇقىرى. شۇڭا، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ.

## يېزا ئىگىلىكنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش.

نۆۋەتتە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يەنىلا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈلمە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنى داۋاملىق تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، خۇسۇسىيلاشتۇرۇشقا ئومۇمىيۈزلۈك ئۆتۈشتىن ئىبارەت. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلدى. 1991-يىلى ئائىلە يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ سانى 377 مىڭ ئادەم بولۇپ، 1996-يىلىغا كەلگەندە ئىككى مىليون ئادەمدىن ئېشىپ كەتتى. 1996-يىلىغىچە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردە تىزىمغا ئالدۇرغان خۇسۇسىي يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرى 765 مىڭ 500 گە يەتتى. دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان يەر جەمئىي ئۈچ مىليارد 350 مىليون گېكتار، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4 مىڭ 400 گېكتار. ئائىلە يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرى يۈزلىنىۋاتقان ئەڭ زور مەسىلە ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى كەم، قەرز بېرىدىغان ئورۇن يوق، ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسى كىچىك، مەھسۇلاتلىرىنىڭ بارلىق يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىدا ئىگىلىگەن ئۈلۈشى ناھايىتى كىچىك بولۇشتىن ئىبارەت.

ھازىرغىچە، ھەرقايسى دۆلەتلەردە خۇسۇسىي يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش، ھەسسىدارلىق ۋە ھەمكارلىق تۈزۈملىرىنى يۆلەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن سىرت، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى شەكلىدىكى چوڭ تىپتىكى ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش يەنىلا مەۋجۇت. ئۇلار ئاساسەن سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەجرىبە

مەيدانلىرى. چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كىچىك تىپتىكى يېزا ئىگىلىك يەنى ئائىلە دېھانچىلىق مەيدانلىرى ھازىر ئاھالىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت ئۆزلۈكسىز كىچىكلىمەكتە. مەسلەن: رۇسىيىدە يۇقىرىقى ئەھۋالنى سېلىشتۇرغاندا 1990 - يىلى 76:24، 1994 - يىلى 60:40 بولغان.

بۇ مىساللاردىن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكى: خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى نىشان قىلىپ، مۇئەييەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تەشكىلىي شەكلى ۋە كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىب ئورتاق مەۋجۇت بولغان ئارىلاشما ئىقتىسادىي ئۈلگىسىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت.

## يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغ يىلدىن - يىلغا ئازايماقتا

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە سالىدىغان مەبلىغى ئازىيىپ كەتتى، ئەزەربەيجان بىلەن رۇسىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە سالغان مەبلىقى 1991 - يىلى خەلق ئىگىلىكىگە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 15% ۋە 18% ى بولسا، 1995 - يىلى پەقەت 3% بولدى. بېلورۇسىيىنىڭ 1991 - يىلى 26%، 1995 - يىلى 9%، قازاقىستاننىڭ 1991 - يىلى 28%، 1995 - يىلى 2%، مولداۋىيىنىڭ 34% ۋە 11%، ئۇكرائىنانىڭ 22%، ۋە 8%، ئۆزبېكىستاننىڭ 25% ۋە 8% بولدى.

سېلىنغان مەبلەغنىڭ يىلدىن - يىلغا ئازىيىش تۈپەيلىدىن، رۇسىيە يېزا ئىگىلىك سانائەت ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى تۈزگەن 1996 - يىللىق پىلانىدىكى 77 تۈرنىڭ پەقەت بىر تۈرىلا ئىلىپ بېرىلدى، ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن پەقەت 26% ى ئەمەلگە ئاشتى.

دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە سالىدىغان مەبلىغى يېتىشمىگەنلىكتىن كارخانىلارنىڭ ئۆز مەبلىغى سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ قالدى. لېكىن يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ سېتىش كىرىمى پەقەت قەرز قايتۇرۇش ۋە مۇئاش تارقىتىشقىلا يېتىدۇ، شۇڭا يېزا ئىگىلىكىگە كىرىشىش ئىغىزدا بار ئەمەلدە يوق ئىش بولۇپ قالدى.

## يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى داۋاملىق تۆۋەنلىدى

مۇستەقىل دۆلەتلەردە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلىدى. 1991 - يىلدىكى مەھسۇلات قىممىتى كۆرسەتكۈچى 100% دەپ، قارالغاندا، 1992 - يىلدىن 1996 - يىلغىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 91%، 89%، 77%، 73% ۋە 68% بولدى.

تېرىقچىلىق جەھەتتە، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئازىيىپ كەتتى، 1996 - يىلى 1995 - يىلىغا قارىغاندا ئىككى مىليارد 800 مىليون گېكتار يەنى 14% تېرىلغۇ يەر ئازىيىپ كەتتى، شۇڭا زىرائەت مەھسۇلات مىقدارىمۇ ئۆزلۈكسىز

تۆۋەنلىدى، ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يىللىق ئوتتۇرچە ھېساب بىلەن 200 مىليون توننا سەۋىيىدە ئىدى، 1995 ـ يىلىغا كەلگەندە 123 مىليون تونناغا، 1996 ـ يىلىغا كەلگەندە 120 مىليون تونناغا چۈشۈپ قالدى. تۈركمەنىستان بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ كۆپ ئازايغان بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئۆچدىن بىر قىسمىغا يېتىدۇ، پەقەت بېلورۇسىيە بىلەن قازاقىستاننىڭ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 6 مىليون 500 مىڭ تونناغا ۋە 11 مىليون 660 مىڭ تونناغا يەتتى، شۇنداقلا 1995 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 18% ۋە 22% ئاشتى.

قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىشى 1996 ـ يىلى 1995 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 10% تۆۋەنلىدى، قىزىلچا مەھسۇلاتى ئەڭ كۆپ ئازايغان دۆلەت رۇسىيە بىلەن ئۇكرائىنا بولدى.

ئاپتاپپەرەستىن 1995 ـ يىلى مول ھوسۇل ئېلىنغان بولۇپ 7 مىليون 400 مىڭ تونناغا يەتتى، بۇ 1990 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 12% ئاشتى، لېكىن 1996 ـ يىلى ھاۋا كىلىماتىنىڭ ناچار بولۇشى سەۋەبىدىن مەھسۇلات زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى، بولۇپمۇ رۇسىيىنىڭ ئاپتاپپەرەس ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 1995 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا ئۈچتىن بىر قىسىم ئازىيىپ كەتتى.

چارۋىچىلىق جەھەتتە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ چارۋا ئومۇمىي سانى 1996 ـ يىلى 1995 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 10% ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە سېغىن كالا 7%، چوشقا 10%، قوي 19% ئازىيىپ، 1990 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا كالا ۋە چوشقىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى، قوينىڭ ئىككىدىن بىر قىسمى ئازايدى، گرۇزىيە ۋە مولداۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە كالىنىڭ تەخمىنەن ئىككىدىن بىر قىسمى، ئەرمېنىيە، گرۇزىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، رۇسىيە ۋە ئۇكرائىنالاردا قوي تۇياق سانىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمى ئازىيىپ كەتتى، ئەزەربەيجان، ئەرمېنىيە، گرۇزىيە، قىرغىزىستان، مولداۋىيە، تاجىكىستان ۋە ئۆزبېكىستانلاردىكى چوشقىنىڭ سانى پەقەت 1991 ـ يىلدىكىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

1996 ـ يىلى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى 70 مىليون توننا كالا سۈتى ئىشلەپچىقارغان بولۇپ، بۇ 1995 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 7%، 1990 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 31% ئاز. يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە بېلورۇسىيە، گرۇزىيە، مولداۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كالا سۈت مەھسۇلات مىقدارى 30% — 50% تۆۋەنلەپ كەتتى، پەقەت تۈركمەنىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىلا كالا سانى كۆپەيگەنلىكتىن، كالا سۈتى مەھسۇلات مىقدارىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى ئۆرلىدى.

## يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ئىش كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇپراق، ھاۋا ـ كىلىمات ۋە ئەنئەنىۋى ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئېلىپ باراتتى، ئىگىلىك ئۆزگەرگەندىن كېيىن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆز دۆلىتىنى ئاشلىق ۋە يېزا ئىگىلىك خام ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك

قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ئارقا - ئارقىدىن ئىسلاھ قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەۋزەل، ئەنئەنىۋى زىرائەتلىرىنى تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتتى. ئەسلىدىكى يېزا ئىگىلىك رايون خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىش تەقسىماتى ئەۋزەللىكى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، دائىرىلىك تىجارەت قىلىش ۋە كەسپلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش شەرتلىرى يوقىتىلدى. مەسىلەن: تۈركمەنىستاننىڭ ئاشلىق زىرائەت تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1991 - يىلدىكى 19% تىن (بارلىق دېھقانچىلىق زىرائەت تېرىلغۇ يەركۆلىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى) كۆپىيىپ 1996 - يىلىغا كەلگەندە 49% كە يەتتى. لېكىن يەم - خەشەك زىرائەت تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئەسلىدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىدىن ئىگىلىگەن نىسبىتى 26% تىن 8% كە چۈشۈپ قالدى. نەتىجىدە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئۆزبېكىستاننىڭ ئاشلىق زىرائەت تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1990 - يىلى ئىگىلىگەن 24% تىن 1996 - يىلى 40% كە يەتتى.

## يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ ئىستىقبالى ياخشى ئەمەس

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە خام ماتېرىيال ئاساسىي داۋاملىق تۆۋەنلەپ ئاجىزلاشقانلىقتىن شۇنداقلا پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنىڭ مالىيە شارائىتى ناچار بولغانلىقتىن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىككە كاپالەتلىك قىلىش تۆۋەنلىدى. 1996 - يىلىدىكىنى 1995 - يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 8%—10% تۆۋەنلىدى. پەقەت ئەرمېنىيە، بېلورۇسىيە، قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 5%—25% كىچە ئاشتى. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ئورغۇنلىغان دۆلەتلەردە ھازىر بىر تەرەپتىن پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن، مەھسۇلات سۈپىتى ناچار، بازار رىقابەت ئىقتىدارى ئاجىز، مەزكۇر كارخانىلاردا ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىك كۆپ بولۇش ۋە بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالى مەۋجۇت، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاھالىلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ بارماقتا، شۇنداقلا ئۇلار ئۆزلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە چارۋا - قۇشلارنى بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، گۆش، سۈت، تۇخۇم، كۆكتات ۋە مېۋە قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىپ، ئائىلە تۇرمۇشىنى قامداپ، قالغان يېمەكلىكلەرنى بازاردا ساتماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردىكى يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېغىر زەربە بولدى.

يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىدە ئەڭ تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى، ھاراق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش. ھاراق مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردىكى كەڭ ئاممىنىڭ مۇھىم ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ بىرى، 1996 - يىلى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ئېغىر كىرىزىسقا ئۇچرىدى، مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى خۇسۇسىيلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن

ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كونتروللۇقىنى يوقىتىشى ۋە تاشقى ئىقتىسادىي سودىنىڭ ئەركىنلىشىشى بىلەن، دۆلەت ھاراق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشتا مونوپول كونترول ھوقۇقىنى يوقاتتى. يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە براندى ھارىقى 70%، شامپان ھارىقى 15%، ۋودكا ۋە شاراپ 10%، پىۋا 50% ئازايدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1996-يىلى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ھاراق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تۆۋەنلىگەن بولۇپ، 1995-يىلىدىكى ھاراق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىغا قارىغاندا ئېگىلگەن نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا رۇسىيە ۋە تاجىكىستاننىڭ 73%، ئەزەربەيجان ۋە ئۇكرائىنانىڭ 89% ئەرمېنىيە ۋە بېلورۇسىيىنىڭ 93% بولدى. ئۆزبېكىستان بىلەن قىرغىزىستاندا ھاراقنىڭ باھاسى بىر قەدەر ئۆرلىگەن بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 114% ۋە 128% بولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە ھاراق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار تېزدىن كۆپەيدى، بولۇپمۇ قانۇنسىز ئىشلەپچىقارغۇچىلار كۆپەيدى، قانۇنسىز ئىشلەپچىقىرىلغان زور مىقداردىكى ھاراق مەھسۇلاتلىرى، قانۇنلۇق ئىمپورت قىلىنغان ۋە قانۇنسىز ئەتكەسچىلىك بىلەن چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن چەت ئەل ھاراق مەھسۇلاتلىرى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بازارلىرىغا ۋە قانۇنسىز بېرژىلىرىغا شىددەت بىلەن كىرىپ قانۇنلۇق سانائەت ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى سىقىپ چىقاردى. مەسىلەن: رۇسىيىدە قانۇنلۇق ئىشلەپچىقىرىدىغان ھاراق مەھسۇلاتلىرىنىڭ نىسبىتى 1993-يىلى 82% بولۇپ، 1995-يىلىغا كەلگەندە 30% كە چۈشۈپ قالدى، ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، رۇسىيە بازارلىرىدىكى 40% ۋودكا قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق رۇسىيىگە كىرگۈزۈلگەنىكەن.

نەتىجىدە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى داڭلىق ھاراقلىرى زىيانغا ئۇچراپ، سۈپىتى ناچار ساختا ھاراقلار بازارغا تولۇپ تاشتى. قانۇنلۇق ھاراق زاۋۇتلىرىنىڭ مالىيىسى ناچارلاشتى، خەلقنىڭ سالامەتلىكى تەھدىتكە ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر 1995-1996-يىللىرى ھاراق بازارلىرىنى دۆلەت نازارەت قىلىشنى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە قانۇنلۇق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ھۆججىتىنى ئورتاق بېكىتىپ ماقۇللاپ، دۆلەتنىڭ ھاراق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشقا بولغان كونتروللۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

## يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك سانائەت ئۇنىۋېرسال تارماقلىرى دۆلەت بېرىدىغان مەبلەغ يېتىشمەسلىك، ئۆز مالىيىسى قىيىن بولۇش شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى ۋە ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر قىممەت بولۇشتەك مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەنلىكتىن، مۇقىم مۆلۈك سېتىۋېلىش ۋە

دۆچ كەلگەنلىكتىن، مۇقىم مۈلۈك سېتىۋېلىش ۋە بېگىلاش توختاپ قالدى. بىمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنىڭ %60 ى بىقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەرنى كۆپەيتمىدى ۋە يېڭىلىمىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ كارخانىلاردىكى مۇقىم مۈلۈكلەرنىڭ ئۇپرىشى % 40-%60 كە يەتتى. دېمەك، بىمەكلىك سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆچى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى.

يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر ئېلىپ كەلگەن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ بىرى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە يېمەكلىكلەر مىقدارىنىڭ ئۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت.

مۇرەككەپ ۋە خەتەرلىك بولغان جىددىي ۋەزىيەت ئالدىدا، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆز دۆلىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە مەۋجۇت بولغان ئەمەلىي مەسىلىلەرگە ئاساسەن، سىياسەتنى ئەرتىپكە سېلىشنى ۋە ئىسلاھات كۈچىنى كۈچەيتىشى شۇنداقلا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا بارلىق دۆلەتلەر ئۆزئارا ھەمكارلىق ۋە تەڭشەش ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى ۋە ئىزدەندى. بۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەر:

بىردەك ماسلىشىدىغان ۋە ئورتاق ھىمايە قىلىدىغان پرىنسىپنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىپ ۋە ماقۇللاپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى يېزا ئىگىلىك سانائەت ئۇنىۋېرسال تارماقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىش قاتارلىق ھالقىلىرىنى كۈچلۈك قوللاشقا قولايلىق يارىتىش؛ ئېتىبار بېرىلىدىغان ئامانەت قەرز ۋە باج تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، خۇسۇسىي كاپىتال ۋە تاشقى كاپىتالنى يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ پۇل پاخاللىشىش ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، سانائەت يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ يېزا ئىگىلىك سانائەت ئۇنىۋېرسال گەۋدىسىنىڭ تەمىنلەش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ھالقىسى مونوپولىنىڭ ياسىسىپ تەسىرىنى كونترول قىلىش؛ ھېسابات سىستېمىسىنى ياخشىلاش ۋە ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن ئېلىنغان قەرز پۇلنى قايتۇرماسلىق ياكى قايتۇرۇشنى ئارقىغا سۈرۈش تەسىرىنى يېڭىش؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە يېمەكلىكلەرنى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا ئالدىن ئالماشتۇرۇشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىش؛ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئورتاق يېزا ئىگىلىك بازىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەمكارلىشىپ ئۆزئارا پايدا يەتكۈزىدىغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى تۇرغۇزۇش قاتارلىقلار.

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كەسپى ئىش تەقسىماتىنى يۆنىلىشىنى ۋە يېزا ئىگىلىك سانائەت ئۇنىۋېرسال تارماقلىرى مۇۋاپىق ماسلىشالايدىغان ئورتاق پروگراممىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىپ ۋە ماقۇللاپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا قولايلىق يارىتىش كېرەك. ئۆز ـ ئۆزىگە ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىشقا تىرىشىش بىلەن بىرگە، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارا يېزا ئىگىلىك

ئالماشتۇرۇش ۋە تولۇقلاپ تەمىنلەشنى كۈچەيتىش لازىم. مەسىلەن: ئۇكرائىنا، مولداۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەر شېكەر، ئۆسۈملۈك مېيى، گۈرۈچ، كۆكتات، مېۋە، مېۋە كونسېرۋاسى ۋە هاراق قاتارلىقلار بىلەن؛ كاۋكاز رايونلىرىدىكى دۆلەتلەر بالدۇر پىشىدىغان كۆكتات، ئىسسىق بەلباغ ۋە سىتروپىك بەلباغ مېۋىلىرى ۋە هاراق بىلەن؛ قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى يۇقىرى سۈپەتلىك بولكا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇغداي، پاختا، بالدۇر پىشىدىغان كۆكتات، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە ئىسسىق بەلباغ مېۋىلىرى بىلەن؛ رۇسىيە ۋە بېلورۇسسىيەلەر قاتتىق بۇغداي، قارا بۇغداي، ئۆسۈملۈك مېيى، ياگىيو، زىغىر، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، بېلىق ۋە ئات قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلىسە بولىدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە چەكلىك مېخانىزمنى بەلگىلەپ، بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە يېمەكلىكلەرنىڭ سېتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە سېتىۋالغۇچىلار يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش ھەم سېتىۋېلىشتا ئىككى تەرەپ مەسئۇل بولىدىغان مېخانىزمنى تۇرغۇزۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.(01)

# رۇسىيە بىر قىسىم تاۋارلارنىڭ ئىمپورت تاموژنا بېجىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ

ئامېرىكىنىڭ « سودا كۈندىلىك گېزىتى » دە خەۋەر قىلىنىشىچە، رۇسىيە تاشقى سودا مىنىستىرلىكى دۇنيا سودا تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىغا كۆپ مىقداردىكى تاۋارلارنىڭ بازارغا تۆركۈملەپ كىرىشى سەۋەبىدىن، رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قىسىم تاۋارلارنىڭ ئىمپورت تاموژنا بېجىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

رۇسىيە ئەمەلدارلىرى، رۇسىيە رىقابەتكە مۇھتاج، ئۇ تاشقى بازارلارنى تاقىمايدۇ، ئەمما كۆپ مىقداردا ئىمپورت قىلىش دۆلەت ئىچىدىكى بىر قىسىم سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى زەربىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭا تاللىغان ئاساستا تاموژنا بېجىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىر رۇسىيىنىڭ تاموژنا بېجى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14% بولۇۋاتىدۇ دەپ كۆرسەتتى .

لېكىن خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ رۇسىيىنىڭ بۇ پىلانىنى قوبۇل قىلماسلىقى ئېنىق، چۈنكى مەزكۇر ئورگاننىڭ ئىجرائىيە لىدېرى كوندېس بۇندىن سەل ئىلگىرى رۇسىيىدىن تاموژنا بېجىنى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلىتىشنى تەلەپ قىلىپ، رۇسىيىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلىسى چۇبايىسنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغانىدى. رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىقى تەلەپنى رەت قىلىشتىكى ئاساسى شۇكى، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى تايلاند، كورىيە ۋە ھىندونوزىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاش پىلانىنى تۈزگەندە، قارشى تەرەپنىڭ تاموژنا بېجىنى تۆۋەنلىتىشنى ئالماشتۇرۇش شەرتى سۈپىتىدە تەلەپ قىلمىغانىدى. ( 03 )

# قازاقىستاننىڭ قىزىل ئوردا ئوبلاستىدىكى مەبلەغ سېلىشقا تېگىشلىك تۈرلەر

سانائەت تۈرلىرى

1. « Харрикейн قومكۆل نېفىت » مەسئۇلىيىتى چەكلىك شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: K. ماكرېي، تېلېفون نومۇرى: 7_82_71، فاكس نومۇرى: 7_72_71. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: نېفىت گازى كېرەكسىز ماددىلىرىدىن پايدىلىنىش. قىممىتى 4 مىليارد 882 مىليون 220 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 15%، چەت ئەل 85% مەبلەغ سالىدۇ؛

2. « Харрикейн قۇمكۆل نېفىت » مەسئۇلىيىتى چەكلىك شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: K. ماكرېي، تېلېفون نومۇرى: 7_82_71، فاكس نومۇرى: 7_72_71. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: قىزىل ئوردا ـ قۇمكۆل تاش يول قۇرۇلۇشى. قىممىتى 7 مىليارد 770 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 14.5%، چەت ئەل 85.5% مەبلەغ سالىدۇ؛

3. « قۇمكۆل ـ لۇكىير » مەسئۇلىيىتى چەكلىك شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: A. ھەيدەربايېۋ، تېلېفون نومۇرى: 7_81_41، فاكس نومۇرى: 7_89_36. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: بۇ شىركەت تەۋەسىدىكى كان ياتقۇلىرىنى ئېچىش ئۈسكۈنىلىرىنى قوراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى. قىممىتى 3 مىليارد 781 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 20.7%، چەت ئەل 79.3% مەبلەغ سالىدۇ.

4. « دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى » مەسئۇلىيىتى چەكلىك شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: A. داۋلېتبايېۋ، تېلېفون نومۇرى: 7_03_85، فاكس نومۇرى: 7_30_85. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: يېڭى تىپتىكى كومبايىن ئىشلەپچىقىرىش. قىممىتى 30 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 10%، چەت ئەل 90% مەبلەغ سالىدۇ؛

5. « KəPM3-2 » مەسئۇلىيىتى چەكلىك شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: A. مۇھەممەدىياروۋ، تېلېفون نومۇرى: 3_28_95. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: پولات تۈك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى. قىممىتى 7 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 28.6% چەت ئەل 71.4% مەبلەغ سالىدۇ؛

6. « KəPM3-2 » مەسئۇلىيىتى چەكلىك شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: X. كۆلوۋ، تېلېفون نومۇرى: 3_39_60. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: ستېرېئولۇق ئىسسىق شامال پېچى ئىشلەپچىقىرىش، تىپى: 332234، 332027، 332235. قىممىتى 25 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 12%، چەت ئەل 88% مەبلەغ سالىدۇ؛

7. « KəPM3-2 » مەسئۇلىيىتى چەكلىك شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: X. كۆلوۋ، تېلېفون نومۇرى: 3_39_60. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: كۆمۈر گاز ئۇلاقلىق تۇرۇبىسى ئىشلەپچىقىرىش. قىممىتى 44 مىليون 550 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 10%، چەت ئەل 90% مەبلەغ

سالىدۇ؛

8. « دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بالوتى » مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى، ئاتالىغانچى: ئې. بوخارباييۋ، تېلېفون نومۇرى: 61-71-7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: كەپشەر چوكىسى ئىشلەپچىقىرىش. قىممىتى 6 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 10%، چەت ئەل 90% مەبلەغ سالىدۇ؛

9. « دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش » مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى، ئاتالىغانچى: ئې. بوخارباييۋ، تېلېفون نومۇرى: 61-71-7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش. قىممىتى 2 مىليون 550 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 10%، چەت ئەل 90% مەبلەغ سالىدۇ؛

10. « دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش » مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى، ئاتالىغانچى: ئې. بوخارباييۋ، تېلېفون نومۇرى: 61-71-7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: دانلىق زىرائەتلەرنى يىغىۋېلىش ئۈسكۈنىسى، قىممىتى 6 مىليون 550 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 10%، چەت ئەل 90% مەبلەغ سالىدۇ.

11. « КаРМЗ-1 » مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى، ئاتالىغانچى: ئې. مۇھەممەدىياروۋ، تېلېفون نومۇرى: 97-02-7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: ئۇنىۋېرسال كومباين زاپچاسلىرى ياساش. قىممىتى 39 مىليون 900 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 10%، چەت ئەل 90% مەبلەغ سالىدۇ؛

12. « Сыр-жихзы » مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى، ئاتالىغانچى: ب. تايرانوۋ، تېلېفون نومۇرى: 60-85-7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: بىر يۈرۈش ئۇخلاش بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىش، قىممىتى 25 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 10%، چەت ئەل 90% مەبلەغ سالىدۇ؛

13. « ЦКЗ » مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى، ئاتالىغانچى: M. تۇرگېنوۋ، تېلېفون نومۇرى: 72-01-7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: قەغەز خالتا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى. قىممىتى 20 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 10%، چەت ئەل 90% مەبلەغ سالىدۇ؛

14. « ЦКЗ » مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى، ئاتالىغانچى: M. تۇرگېنوۋ، تېلېفون نومۇرى: 72-01-7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: كۆپتۈرمە قوش ئەستەر ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، قىممىتى 39 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 10%. چەت ئەل 90% مەبلەغ سالىدۇ؛

15. « ЦКЗ » مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى، ئاتالىغانچى: M. تۇرگېنوۋ، تېلېفون نومۇرى: 72-01-7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: نۇر ئارقىلىق پولىمېرلانغان تاختا ياساش ئۈسكۈنىسى سېتىۋېلىش ۋە قۇراشتۇرۇش. قىممىتى 10 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 10%، چەت ئەل 90% مەبلەغ سالىدۇ؛

16. « ЦКЗ » مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى، ئاتالىغانچى: M. تۇرگېنوۋ، تېلېفون نومۇرى: 72-01-7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: سوغۇق سۇ سۇسائىتى قۇراشتۇرۇش ھەمدە ئۇنى تەكشۈرۈش ۋە ئورنىتىش. قىممىتى 7 مىليون 700 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 10%، چەت ئەل 90% مەبلەغ سالىدۇ؛

17. « Ай-Даи ـ ئاياغ » مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى، ئاتالىغانچى: O. موكولوۋ، تېلېفون نومۇرى: 00-48-7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى

ئۆزگەرتىش. قىممىتى 25 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %10، چەت ئەل %90 مەبلەغ سالىدۇ؛

18. « ФНМ-Ай-Дан » مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى : A. ئىزباسخانوۋ، تېلېفون نومۇرى: 62-36-3. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: توقۇلمايدىغان رەخت (كاناپ) ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. قىممىتى 100 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %30، چەت ئەل %70 مەبلەغ سالىدۇ؛

19. « Ай-Даи-Аккус » مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: Ж. ژۇنۇسوۋ، تېلېفون نومۇرى: 06-14-2. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: دەم ئېلىپ داۋالىنىش ئورنىدىكى تۇخۇم ۋە كۆش مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. قىممىتى 100 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %10، چەت ئەل %90 مەبلەغ سالىدۇ؛

20. « Илтипат » ھەسسىدارلىق شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: M. بايكاينوۋ، تېلېفون نومۇرى: 58-18-2، 65-29-2. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: ئىسپىرت ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ ئارزاكلىق يەم-خەشكىنى ئىشلەپچىقىرىش. قىممىتى 11 مىليون 600 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %25، چەت ئەل %75 مەبلەغ سالىدۇ؛

21. « Ъереке-нан » ھەسسىدارلىق شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: K. ئايگوزىن، تېلېفون نومۇرى: 22-15-5. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: بولكا، كاۋاك ئۇگرە، قەنت - گېزەك ۋە پېچىنە - پىرەنىك تۈردىكى يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش. قىممىتى 152 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %20 چەت ئەل %80 مەبلەغ سالىدۇ؛

22. « Сыр-Шараъы » ھەسسىدارلىق شىركىتى. ئالاقىلاشقۇچى: A. ئامىرسەئىتوۋ، تېلېفون نومۇرى: 29-18-2 . مەبلەغ سالىدىغان تۈر: قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈش. قىممىتى 22 مىليون 400تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %50، چەت ئەل %50 مەبلەغ سالىدۇ؛

23. « Сыр-Шараъы » ھەسسىدارلىق شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: A. ئامىرسەئىتوۋ، تېلېفون نومۇرى: 29-18-2. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: ئاپتوماتىك پىرقىراپ، ئايرىم - ئايرىم قاچىلاش ئۈسكۈنىسى، ئاپتوماتىك توشۇغۇچى تاسما ۋە پوتۇلكا يۇيۇش ماشىنىسىنى بېكىتلاش. قىممىتى 3 مىليون 300 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %10، چەت ئەل %90 مەبلەغ سالىدۇ؛

24. « قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى » ھەسسىدارلىق شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: A. سەپەربايېۋ، تېلېفون نومۇرى: 45-36-3. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: سىلىكاتلىق خىش ئىشلەپچىقىرىش. قىممىتى 10 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %10، چەت ئەل %90 مەبلەغ سالىدۇ؛

25. « قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى » ھەسسىدارلىق شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: A. سەپەربايېۋ، تېلېفون نومۇرى: 45-36-3. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: ھاك ئىشلەپچىقىرىش سېخى قۇرۇش. قىممىتى 38 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %10، چەتئەل %90 مەبلەغ سالىدۇ؛

26. « ГРКПО » مەتبەئەچىلىك شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: K. ماخامبېتوۋ، تېلېفون نومۇرى: 73-34-3. مەبلەغ سالىدىغان

تۈر: بىر يۈرۈش ئۇفسېتلىق مەتبەئە سىستېمىسى. قىممىتى 33 مىليون 800 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %10، چەت ئەل %90 مەبلەغ سالىدۇ؛

27. « Айжан » МЧП تەۋەلىكىدىكى « قىزىل ئوردا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى » ئالاقىلاشقۇچى: K.ئېرمېكبايېۋ، تېلېفون نومۇرى: 7-03-85، فاكس نومۇرى: 7-03-85. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: يېڭى تىپتىكى كومباين ئىشلەپچىقىرىش(10-نومۇرلۇق كومباين) . قىممىتى 60 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %50، چەت ئەل %50 مەبلەغ سالىدۇ؛

28. « قىزىل ئوردا ئوراش - قاچىلاش » ھەسسىدارلىق باش شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: Ш.سويىشبايېۋ، تېلېفون نومۇرى: 7-01-72. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: كۆپتۈرمە قوش ئەستەر ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى. قىممىتى 39 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %10 چەت ئەل %90 مەبلەغ سالىدۇ؛

## بىناكارلىق تۈرلىرى

29. « قىزىل ئوردا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى » ھەسسىدارلىق شىركىتى، تېلېفون نومۇرى: 7-01-30. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: « قىزىل ئوردا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى » ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىرلەشمە زاۋۇتىنى كېڭەيتىش ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇش. قىممىتى 401 مىليون 200 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %30، چەت ئەل %70 مەبلەغ سالىدۇ؛

30. « قىزىل ئوردا تاشيول ترانسپورت » كومىتېتى، ئالاقىلاشقۇچى: A.ئالپايېۋ، تېلېفون نومۇرى: 7-27-13. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: بۇخارا-ئۆكۈستاش يولى قۇرۇلۇشى. قىممىتى 7 مىليارد تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %50، چەت ئەل %50 مەبلەغ سالىدۇ؛

31. « قىزىل ئوردا تاش يول » ترانسپورت كومىتېتى، ئالاقىلاشقۇچى: A. ئالپايېۋ، تېلېفون نومۇرى: 7-27-13. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: سىر دەرياسى ئارقىلىق قىزىل ئوردا بازىرىغا بارىدىغان پولات بېتونلۇق كۆۋرۈك ياساش. قىممىتى 280 مىلتون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %50، چەت ئەل % 50 مەبلەغ سالىدۇ؛

32. « قىزىل ئوردا تاش يول » ترانسپورت كومىتېتى، ئالاقىلاشقۇچى: A. ئالپايېۋ، تېلېفون نومۇرى: 7-27-13. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: قىزىل ئوردا - جېزقازغان تاش يولىنى ياساش. قىممىتى بىر مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %50، چەت ئەل % 50 مەبلەغ سالىدۇ؛

33. « Анзар » مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: C.ئاسموۋ، تېلېفون نومۇرى: 4-15-69. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: شېغىل تاش پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇش. قىممىتى 150 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %50، چەت ئەل %50 مەبلەغ سالىدۇ؛

## ترانسپورت تۈرلىرى

34. « Сыр - Сункары » ھەسسىدارلىق شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: У. ئاشېكوۋ، مەبلەغ سالىدىغان تۈر: قىزىل ئوردا شەھرىدە

بىر ئايرودروم قۇرۇش. قىممىتى 243 مىليون 200 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى % 10، چەت ئەل % 90 مەبلەغ سالىدۇ؛

35. « قازاقستان ـ قىرغىزستان تۆمۈريولى » خەلقئارا ماللارنى بىرلەشمە توشۇش ئورنىنىڭ قىزىل ئوردا شۆبىسى، ئالاقىلاشقۇچى: Б.ئابلىبىكوۋ، تېلېفون نومۇرى: 80ـ81ـ7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: قىزىل ئوردا ـ جېزقازغان تۆمۈريولى قۇرۇش، قىممىتى 622 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %10، چەت ئەل %90 مەبلەغ سالىدۇ؛

36. « قازاقستان ـ قىرغىزستان تۆمۈريولى » خەلقئارا ماللارنى بىرلەشمە توشۇش ئورنىنىڭ قىزىل ئوردا شۆبىسى، ئالاقىلاشقۇچى: Б.ئابلىبىكوۋ، تېلېفون نومۇرى: 80ـ81ـ7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: قىزىل ئوردا شەھرىنىڭ ئاپتوموبىل ئوچاستكىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، قىممىتى 622 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %10، چەت ئەل %90 مەبلەغ سالىدۇ؛

37. « قازاقستان ـ قىرغىزستان تۆمۈريولى » خەلقئارا ماللارنى بىرلەش توشۇش ئورنىنىڭ قىزىل ئوردا شۆبىسى، ئالاقىلاقۇچى: Б.ئابلىبىكوۋ. تېلېفون نومۇرى: 80ـ81ـ7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: ئارال دېڭىزى ۋاگون رېمونت قىلىش ۋە سەپلەش زاۋۇتى ئاساسىدا ماي قاچىلاش سۇيىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، قىممىتى 37 مىليون 500 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %10، چەت ئەل %90 مەبلەغ سالىدۇ؛

38. « Катынас » ھەسسىدارلىق شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: M.نۇكمانوۋ، تېلېفون نومۇرى: 45ـ17ـ3. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: خەلقئارا بىۋاستە قاتنايدىغان يۈك توشۇش تۆمۈر يول لىنىيىسىنى ئېچىش. قىممىتى 6 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %50، چەت ئەل %50 مەبلەغ سالىدۇ؛

39. « يول » ھەسسىدارلىق شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: C.ئېرجېنوۋ، تېلېفون نومۇرى: 84ـ72ـ7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: ئاپتوبۇسلارنى ئىجارىگە بېرىش. قىممىتى 3 مىليون 400 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %10، چەت ئەل %90 مەبلەغ سالىدۇ؛

## شەھەر مەمۇرىيىتى مۇئەسسەسەلىرى تۈرلىرى

40. مەركىزىي تېرموئېلېكتر ئىستانسىسى باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئالاقىلاشقۇچى: K. ئىمانبايېۋ، تېلېفون نومۇرى: 92ـ38ـ2. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: 6ـنومۇرلۇق مەركىزىي تېرموئېلېكتر ئىستانسىسىنى بەشىنچى قېتىم كېڭەيتىپ قۇرۇش. قىممىتى 12 مىليارد، 615مىليون 440 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %10، چەت ئەل %90 مەبلەغ سالىدۇ؛

41. « Алау تەبىئىي گاز » ھەسسىدارلىق شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: H.نازاروۋ، تېلېفون نومۇرى: 67ـ35ـ3. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: كۆمۈرگاز سائىتى ئورنىتىش. قىممىتى 68 مىليون 880 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %10، چەت ئەل %90 مەبلەغ سالىدۇ؛

42. « Алау تەبىئىي گاز » ھەسسىدارلىق شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: H. نەزاروۋ، تېلېفون نومۇرى: 67ـ35ـ3. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: قىزىل ئوردا گاز قاچىلاش پونكىتىنىڭ گاز ساقلاش بازىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش. قىممىتى 48 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %10، چەت ئەل %90 مەبلەغ سالىدۇ؛

43. « Алау نەپتى گاز » ھەسسىدارلىق شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: Н.نازاروۋ، تېلېفون نومۇرى: 3_35_67. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: ئاھالىلەرنىڭ ئىشلىتىش مۇددىتى 20 يىلدىن ئېشىپ كەتكەن تەبىئىي گاز تۇرۇبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش. قىممىتى 15 مىليون 600 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %5، چەت ئەل %95 مەبلەغ سالىدۇ؛

44. « قىزىل ئوردا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى » ھەسسىدارلىق شىركىتى مەشغۇلاتىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئالاقىلاشقۇچى: В.كاينوۋ، تېلېفون نومۇرى: 2_19_71. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: قىزىل ئوردا شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇش تورىنى ئۆزگەرتىپ ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇش. قىممىتى 25 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %80، چەت ئەل %20 مەبلەغ سالىدۇ؛

## كىچىك سودا تۈرلىرى

45. « كاپالەتچى » مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: К.قۇرمان قارىيېۋا، تېلېفون نومۇرى: 7_68_29. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: رەڭلىك ۋە رەڭسىز تېلېۋىزور قۇراشتۇرۇش سېخى قۇرۇش، قىممىتى 75 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %10، چەت ئەل %90 مەبلەغ سالىدۇ؛

46. « قىزىل Жарма » ПК، ئالاقىلاشقۇچى: Г.جانابىل گاينوۋ، تېلېفون نومۇرى: 2_18_13. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: پىزا ئىشلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش. قىممىتى 12 مىليون 200 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %10، چەت ئەل %90 مەبلەغ سالىدۇ؛

47. « ئېنېرگىيە » ھەسسىدارلىق شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: А. كامالباييۋ، تېلېفون نومۇرى: 7_41_62. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: ئىنفىرا قىزىل نۇر سېزىمچانلىقىغا ئىگە كۆمۈر گازى چىرىقى ئىشلەپچىقىرىش، قىممىتى 100 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %60، چەت ئەل %40 مەبلەغ سالىدۇ؛

48. « سودا پاي چېكىنى كونترول قىلىش » چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: К. بولاتباييۋ، تېلېفون نومۇرى: 7_63_06. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: بىر ماي قاچىلاش پونكىتىنىڭ بىر يۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى. قىممىتى 11 مىليون 300 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %20، چەت ئەل %80 مەبلەغ سالىدۇ؛

49. « Бибисара » چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: Н.ئەنساتوۋ، تېلېفون نومۇرى: 5_15_86، 5_17_51. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: ماتور كېرەكسىز مېيىنى يىغىۋېلىپ ئوكسىدسىزلاش، قىممىتى 30 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %20، چەت ئەل %80 مەبلەغ سالىدۇ؛

50. « Асбол » چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: Б.پىرىمرانوۋ، تېلېفون نومۇرى: 7_04_94. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: چوڭ تىپتىكى مېھمانخانا سېلىش، قىممىتى 2 مىليون 500 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %50، چەت ئەل %50 مەبلەغ سالىدۇ؛

51. « Асбол » چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: Б.پىرىمرانوۋ، تېلېفون نومۇرى: 7_04_94. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: مەركىزىي بازارنى ئۆزگەرتىش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇش. قىممىتى 24 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى %50، چەت ئەل %50 مەبلەغ سالىدۇ؛

52. ЧП « Сыбага »، ئالاقىلاشقۇچى: С.شاگىرووۋ، تېلېفون نومۇرى: 7_03_93.

مەبلەغ سالىدىغان تۈر: كۆكتات بازىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇش. قىممىتى 3 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 50%، چەت ئەل 50% مەبلەغ سالىدۇ؛

53. «سودا پاي چېكىنى كونترول قىلىش» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: K.بولانباييۋ، تېلېفون نومۇرى: 06-63-7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: ئاھالىلارنى قاتناش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش، قىممىتى 11 مىليون 200 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 33%، چەت ئەل 67% مەبلەغ سالىدۇ؛

54. «Ансар» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: A.ئابدۇقارىيېۋ، تېلېفون نومۇرى: 51-70-7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: قىسمەن ئىستىتىش قۇرۇلمىسىنى ئورنىتىش. قىممىتى 8 مىليون 700 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 30%، چەت ئەل 70% مەبلەغ سالىدۇ؛

55. «Ансар» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: A.ئابدۇقارىيېۋ، تېلېفون نومۇرى: 51-70-7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: مېتال كاھىش ئىشلەپچىقىرىش. قىممىتى 90 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 30%، چەت ئەل 70% مەبلەغ سالىدۇ؛

56. «Ансар» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: A.ئابدۇقارىيېۋ، تېلېفون نومۇرى: 51-70-7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: كۆپ رامكىلىق دەرىزە ۋە سۇلياۋ ئىشىك - دەرىزىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش. قىممىتى 20 مىليون 800 مىڭ تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 30%، چەت ئەل 70% مەبلەغ سالىدۇ؛

57. «Яксарт» شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: A.كوزباكوۋ، تېلېفون نومۇرى: 93-27-7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: توك قاچىلاش پونكىتى قۇرۇش. قىممىتى 3 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 40%، چەت ئەل 60% مەبلەغ سالىدۇ؛

58. «Темирхан» شىركىتى، ئالاقىلاشقۇچى: T.كېنىربايېۋ، تېلېفون نومۇرى: 76-48-7. فاكس نومۇرى: 34-02-7. مەبلەغ سالىدىغان تۈر: بۇلغارىيە پاسونىدىكى ئۆي جاھازلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش. قىممىتى 15 مىليون تەڭگە، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 30%، چەت ئەل 70% مەبلەغ سالىدو.(02)

## تاجىكىستان پاختا تالاسىنى ئېكسپورت قىلىش كۆلىمىنى كېڭەيتتى

بىرلەشمە تورنىڭ 1998-يىلى 3-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى بېيجىڭ خەۋىرى. چەت ئەل ژۇرناللىرىنىڭ خەۋەرگە قارىغاندا، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى يىپ رەخت ئېكسپورت قىلىش كۆلىمىنى تىرىشىپ كېڭەيتمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئېكسپورت قىلىنغان پاختا تالاسىنىڭ قىممىتى يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان بولۇپ، ئاساسلىقى شۋېيتسارىيە، ئامېرىكا، كورېيە، ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيە، ۋېنگرىيە ۋە رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاجىكىستان يىپ توقۇلمىلار ۋە زىغىر تالالىرىنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە ئۆستى.(03)

# قازاقىستان ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مىس ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتى

نۆۋەتتە خەلقئارا بازارلاردا مىسنىڭ باھاسى خېلىلا چۈشكەن بولۇپ، توننىسى 3000 ئامېرىكا دوللىرىدىن 1850 ئامېرىكا دوللىرىغا چۈشۈپ قالدى. بۇ يىل 2400 ئامېرىكا دوللىرى بولغان باھامۇ كۆرۈلدى. نۇرغۇنلىغان مىس ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ بىر كۈتۈلمىگەن كېلىشمەسلىك. قازاقىستاننىڭ بىرلەشمە كارخانىسىنىڭ توننىسى 2800 ئامېرىكا دوللىرلىق ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى بۇ ئاپەتكە دۇچ كەلدى. بۇنداق چىقىم 1995ـ يىلىمۇ بولغان، لېكىن ئۇ چاغدا مىسنىڭ باھاسى 3000 ئامېرىكا دوللىرى ئەتراپىدا ئىدى. ناۋادا جىسقازغان ۋە بالقاش بىرلەشمە كارخانىسىنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيانقى مىس ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى تۆۋەنلەپ 1700 ئامېرىكا دوللىرىدىن چۈشمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىشى زىيانغا ئۇچرىغان بولاتتى. بۇ نۇقتىغا يېتىش ئەڭ يېڭى تېخنىكىغا تايىنىپ، ئاساسلىق سېخلارغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئۇسكۇنىلەرنى يېڭىلاشنىڭ نەتىجىسى. يېقىنقى ئىككى يىل ئىچىدە كان مەھسۇلاتلىرىنى قېزىش زامانىۋى ئۇسكۇنىسىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈنلا 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلدى ۋە مىس تاۋلاش پېچىنى پۈتۈنلەي يېڭىلىدى. فىنلاندىيىنىڭ تاملۇك شىركىتىنىڭ پۈتۈن يېڭىلانغان كان ئېچىش ئۇسكۇنىلىرى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى 2ـ3 ھەسسىگىچە يۇقىرى كۆتەردى:

كېرەكسىز مىس رۇدىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، كان ئېچىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئەسلىدىكى كاندىن ئومۇميۈزلۈك پايدىلىنىش ئۈنۈملىرىنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنىڭ تۆۋەنلىشىگە سەۋەب بولدى. ئىلگىرى جىسقازغان رەڭلىك مېتال تاۋلاش زاۋۇدى رۇسىيەنىڭ ئون نەچچە تەتقىقات ئورنى بىلەن كېلىشىم ھازىرلىغان ۋە بۇ ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل تۆلىگەن. ھازىر بۇ خىزمەتنى قازاقىستاننىڭ تەتقىقات ئورۇنلىرى بولۇپمۇ ئاساسلىق جىسقازغان رەڭلىك مېتال تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ تەتقىقات ئورۇنلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ( 04 )

# رۇسىيە كىچىك دىزېل ماشىنىسىنى يېڭىدىن ياساپ چىقتى

رۇسىيىنىڭ ئەڭ چوڭ كىچىك ماشىنا ياساش كارخانىسى — ۋولگا ئاپتوموبىل زاۋۇتى ئۆزلىرى لايىھىلىگەن ئەڭ يېڭى تىپتىكى 2145 تىپلىق كىچىك دىزېل ماشىنىسىنى سىناق قىلىپ ياسىدى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، يۈرۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ماي سەرپىياتى تۆۋەن. ئۇ 1.5 لېتىرلىق دىزېل ماتورنى ئىشلىتىدۇ، قۇۋۋىتى 39 كىلوۋات ( 53 ئات كۈچى ) بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى تېزلىك نىسبىتى 125 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، سۈرئەتنى نۆل كىلومېتىردىن سائىتىگە 100 كىلومېتىر يۈرۈش تېزلىكىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەقەت 23 ـ 25 سېكۇنتقىچە ۋاقىت كېتىدۇ. شەھەر ئىچىدە 100 كىلومېتىر يۈرۈش ئۈچۈن پەقەت 4 لېتىرلا دىزېلىن كېتىدۇ. بۇنداق بولغاندا يېقىلغۇنى بېنزىن دىۋىگاتېلىغا قارىغاندا 20%—30% كىچە ئىقتىساد قىلغىلى بولىدۇ. ( 03 )

# قازاقىستان نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى

كىشىلەر ئۇرال ـ ئېمبا نېفىتلىكىنى قازاقىستان نېفىت سانائىتى دۇنياغا كەلگەن جاي دەپ قارايدۇ. قەدىمقى زاماندا بۇ رايون نېفىتى بىلەن داڭلىق ئىدى. قازاقىستان دېھقانلىرى نېفىت چىقىرىدىغان جاينى بىلەتتى ھەم ئۇنى يورۇتۇش، ئىسسىتىش ۋە تېرە كېسىلىنى داۋالاشقا ئىشلىتەتتى.

بىرىنچى تۇرلۇك قاراشتا ئېيتىلىشىچە، 1717 ـ يىلى پادىشاھ پېتىر I چارلاش ـ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بېرىكوۋىچ چېركاسسكىينى شىۋا شەھىرىگە ئەۋەتىپ، ھازىرقى ئاتراۋ بىلەن مانگىستاۋ ئوبلاستىدا ئەڭ بۇرۇن نېفىتنى بايقىغان. چار پادىشاھ دەۋرىدە ت.س.پاللاس، گ.س.كارېنىن ۋە خ.ئا. سېرۋىزوۋ قاتارلىق داڭلىق چارلاپ تەكشۈرۈش ئالىملىرى ئۇرال دەرياسى ۋە ئېمبا دەرياسى ھاۋزىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگىنىغا نېفىتقا ئائىت كونكرېت ماتېرىياللارنى سۇندى. يەنە بىر قىسىم مۇتەخەسسىس، ئېنژېنېر ۋە گېئولوگىيىلىك ئالىملارمۇ بۇ يەردە ئەتراپلىق گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. قازاقىستان كارخانىچىلىرى ۋە بىر قىسىم چەت ئەل كارخانىچىلىرى نېفىت كان مەھسۇلاتلىرىنى قېزىش ئۈچۈن خىزمەتچى خادىملارنى تەشكىللەپ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، چارلاش ۋە بۇرغىلاش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

1989 ـ يىلى ( ئىقتىسادشۇناس ت. شىيائوكېنبايېۋنىڭ شۇ يىلى 11 ـ ئايدىكى ماتېرىيالى ۋە نېفىتشۇناس خ.ك.بابىنانوۋنىڭ شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى كىتابىدىكى خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا ) قېزىلغان قارا چۇڭكۇل 7 ـ نومۇرلۇق نېفىت قۇدۇقىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 43 مېتىر بولۇپ، قازاقىستاندىكى تۇنجى نېفىت قۇدۇقى ھېساپلىنىدۇ، بۇ قۇدۇقنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ماي پۈركۈش مىقدارى 22 ـ 25 تونىنغا يېتىدىكەن. بۇ ئەينى ۋاقىتتا كۆپ ھېساپلىناتتى، 1901 ـ يىلى دۇنيا نېفىت مەھسۇلات مىقدارى ئارانلا 22 مىليون 500 مىڭ توننا ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن چوڭقۇرلۇقى 18—275 مېتىرغىچە بولغان نېفىت قۇدۇقىدىن يەنە بىر نەچچىسى قېزىلغانىدى. قارا چوڭقۇر نېفىتلىكىنىڭ بايقىلىشى قازاقىستان نېفىت سانائىتىنىڭ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

قازاقىستاننىڭ ئۆزلىرى قازغان نېفىتنى كۆپ مىقداردا سېتىش خەۋىرى ناھايىتى تېزلا پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كارخانىچىلارنىڭ « قارا ئالتۇن » نى كونترول قىلىش ئارزۇسى كۈچىيىپ، دوسسور، كاراتون ۋە ئېسكىن قاتارلىق رايونلاردا قۇدۇق بۇرغىلاش تېز سۈرئەتتە باشلىنىپ كەتتى. 1912 ـ يىلى ئۇرال ۋە ئېمبا رايونلىرىدا 6 نېفىت زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1917 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇرغا قۇدۇقى 20 دىن ئېشىپ كەتتى. نېفىت مۇتەخەسسىسلىرى زور ئۈمىدكە تولغان ھالدا كېرەكلىك ئەسۋاپلارنى ئېلىپ كېلىپ پىششىقلاپ ئىشلەش بازىسى قۇردى ھەم تايانچ خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. لېكىن

قازاقستانلىقلار نېفىت ئىشچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن نېفىتنى چارلاش، قېزىش ۋە توشۇشتىن ئىبارەت ئەمەلىي خىزمەتكە بىۋاستە قاتناشتى.

1911 ـ يىلى دوسسور نېفىتلىكى بايقالدى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قېزىلغان چوڭقۇرلۇقى 225 مېتىر كېلىدىغان ئۈچىنچى نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ كۆپ بولۇپ، پۈتمەس ـ تۈگىمەس نېفىتقا ئىگە قۇدۇق دېيىشكىمۇ بولىدۇ، قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بارلىق نېفىت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا دوسسور خەلقى مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇلار كان مەھسۇلات مەنبەسىدىن نېفىت چەككىلەپ ئېلىش ئۇسۇلىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نېفىت ئىشچىلىرىنى يېتىشتۈردى. دوسسور نېفىتلىكىنىڭ ... خاتىرە كۈنىدە نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ بايرام كەيپىياتىغا چۆمۈشى ... تەسادىپىي ئەھۋال ئەمەس.

تارىخىي پاكىتقا ئاساسلانغاندا، دوسسور نېفىتلىكىنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. كىشىلەر ھەمىشە قازاقستان تۇپرىقىدىكى تۇنجى نېفىت قۇدۇقىنىڭ قېزىلغان 1899 ـ يىلىنى قازاقستان نېفىت سانائىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەن يىلى دەپ قارايدۇ. 1949 ـ يىلى قازاقستان مەركىزىي كومىتېتى ۋە گۇرىيېۋ (ئاتراۋ) ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ قارارىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن قازاقستان نېفىت سانائىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

شۇ يىللىرى قازاقستان جۇمھۇرىيىتىدە 500 مىليون توننا نېفىت قېزىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى جاپالىق خىزمەت شارائىتىدا ئىشلەۋاتقان قازاقستان گېئولوگلىرى مانگىستاۋ ئوبلاستىدا كۆپ مىقداردىكى كاربون گىدرىد كان مەھسۇلاتلىرىنى بايقىدى. بۇ كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ مىقداردا قېزىۋېلىنىشى پۈتكۈل قازاقستاننى نۇرغۇن بايلىقلارغا ئىگە قىلدى. قازاقستاننىڭ نېفىت خىزمەتچى خادىملىرى ئالىي سۈپەتلىك سۇلفىدنىڭ كان مەھسۇلات مەنبەسىنى بايقاپ ھەم «تېڭىز شېۋروپىل» نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى. قاراچاغاناق گاز سۇۋۇتۇش نېفىتلىكى دۇنيا بويىچە چوڭ تەبىئىي گاز نېفىتلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، قازاقستان ئىشچىلىرى بۇ تەبىئىي گاز نېفىتلىكىنى ئېچىشقا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئاقتۆبە ۋە قىزىل ئوردا ئوبلاستلىرىدىكى بۇرغىلاش ئىشچىلىرى بىلەن نېفىت ئىشچىلىرىمۇ گېئولوگىيە ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ كېنىچاق ۋە قۇمقول قاتارلىق چوڭ تىپتىكى نېفىتلىكلەرنى ئاچتى ھەم تەرەققىي قىلدۇردى.

نۆۋەتتە، قازاقستان زېمىنىدىكى 7 ئوبلاستتا تەخمىنەن 250 چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان نېفىت قۇدۇقى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 107 قۇدۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ گۇرىيېۋ، پاۋلودار ۋە چىمكەنت قاتارلىق يىللىق يېرىك پىششىقلاپ ئىشلەش مىقدارى 26 مىليون توننا بولغان 3 نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى قۇردى. تەخمىنەن 7 مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى نېفىت تۇرۇبىسى بىلەن 11 مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى قازاقستاننىڭ ھەر قايسى ئوبلاست ۋە رايونلىرىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. نېفىت ـ تەبىئىي گاز زاۋۇتلىرى ھەر قايسى ئوبلاست ۋە رايونلاردا ئۆزىنىڭ بەلگىلىك رولىنى جارىي قىلدۇرىۋاتىدۇ.

چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ ئۆز ئارا پايدا يەتكۈزۈش شەرتى ئاستىدا، نېفىت كان مەھسۇلاتلىرىنى بىرلىكتە ئېچىشقا قىزغىنلىق بىلەن قاتنىشىشى قازاقستاننىڭ نېفىت تەبىئىي گاز تېخنولوگىيە سەۋىيىسى بىر قەدەر ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، قازاقستاندىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ مول بىلىم ۋە تەجرىبىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

نېفىت سانائىتىنىڭ خاتىرە كۈنى بولسا قازاقستاننىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق كارخانا ۋە ئورگانلىرىنىڭ بايرام كۈنى. چۈنكى نېفىت بولمىسا ھەرىكەت بولمايدۇ، ھەرىكەت بولمىسا ھاياتلىقمۇ بولمايدۇ. نېفىت سانائىتى تەرەققىياتىنىڭ 100 يىللىق خاتىرە كۈنىدە ئاتراۋ شەھىرىدە نېفىت مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزىلىدۇ، شۇ چاغدا نېفىت ئاچقۇچىلار بىلەن يېڭى بىر ئەۋلاد نېفىت خىزمەتچىلىرى توپلىشىدۇ. قازاقستان ئېنېرگىيە مىنىستىرلىكى بىلەن قازاقستان نېفىت شىركىتى بۇ ئەسىردىكى نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن بەرگۈسى. ( 03 )

# قازاقستان، ئۆزبېكستان ۋە قىرغىزستان قاتارلىق ئۈچ دۆلەت سۇ بايلىقىدىن ئورتاق پايدىلىنىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى

قازاقستان، ئۆزبېكستان ۋە قىرغىزستان قاتارلىق ئۈچ دۆلەت زۇڭلىلىرى بىشكەكتە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا بىرلەشمە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى يىغىنىدا سۇ بايلىقىدىن ئورتاق پايدىلىنىش توغرىسىدىكى 5 يىللىق كېلىشىمنى ئىمزالىدى.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، 3 تەرەپ سۆھبەت جەريانىدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت دائىرىسىدە خەلقئارالىق سۇ مەنبەسى مالىيە گۇرۇھىنى قۇرۇش تەسەۋۋۇرىغا قوشۇلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا بىرلەشمە ھۆكۈمىتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئېستېبېسوۋ سۆھبەت نەتىجىسىنى تونۇشتۇرغاندا ئىمزالانغان كېلىشىمدە ئاساسلىقى قازاقستان بىلەن ئۆزبېكستان، قىرغىزستان ئۇلارنى ھەر يىلى تەمىنلەيدىغان سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ بىلەن سۇ ئېنېرگىيىسىدىن بولغان زىياننى تولدۇرۇپ بېرىش چارىلىرى بەلگىلەنگەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كېلىشىم 3 دۆلەتنىڭ سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش قانۇنىي ئۆلچىمىنى تۇنجى قېتىم بېكىتكەن، بۇنىڭ 3 تەرەپنىڭ بۇ مەسىلىدە ساقلىنىۋاتقان ئىختىلاپلىرىنى ھەل قىلىشقا پايدىسى بار ئىكەن.

قىرغىزستان ئوتتۇرا ئاسىيا بىرلەشمىسىدىكى ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇ ۋە سۇ ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش دۆلىتى بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قوشنا دۆلەتلەرنى سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ بىلەن ھەقسىز تەمىنلەپ كېلىۋاتاتتى. بۇ يىل ئەتىيازدىن باشلاپ قىرغىزستان قازاقستان ۋە ئۆزبېكستاننىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى تەمىنلەيدىغان سۇ مىقدارىنى زور دەرىجىدە كېمەيتىۋەتتى شۇ سەۋەبتىن سۇ مەسىلىسى بۇ قېتىمقى ئوتتۇرا ئاسىيا بىرلەشمە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ مەركىزىي تېمىسى بولۇپ قالدى. ( 03 )

# رۇسىيە بىلەن تۈركمەنىستان تەبىئىي گاز توشۇش مەسىلىسىدە مۇرەسسەلەشتى

رۇسىيە زۇڭلىسى ۋىكتور چېرنومېلكىن ئاشخابادتا تۈركمەنىستان زۇڭتۇڭى نىيازوۋنى تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گازىنى داۋاملىق رۇسىيە ئارقىلىق توشۇشقا ماقۇل قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

رۇسىيە زۇڭلىسى ۋىكتور چېرنومېلكىننىڭ ئاشخابادقا قىلغان بۇ قېتىمقى زىيارىتىنىڭ مەقسىتى، تۈركمەنىستان زۇڭتۇڭى سەپەرمۇرات نىيازوۋنى رۇسىيە ئارقىلىق مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ۋە غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بازارلىرىنى تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گازى بىلەن تەمىنلەشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ماقۇل قىلىش، شۇنداقلا بۇ تەبىئىي گاز زاپىسى دۇنيا بويىچە 4-ئورۇندا تۇرىدىغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەبىئىي گاز سانائىتىنى رۇسىيىنىڭ « تەبىئىي گاز سانائىتى » شىركىتىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە قالدۇرۇشتىن ئىبارەت.

1996-يىلى ئەتىيازدىن ئىلگىرى تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گازى رۇسىيىنىڭ تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى ئارقىلىق، ئۇكرائىنادىن ئۆتۈپ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىگە بىۋاستە توشۇلاتتى. بىراق 1996-يىلى 3-ئايدا موسكۋا بىلەن ئاشخابادنىڭ تەبىئىي گاز بازىرىدىكى شېرىكلىك مۇناسىۋىتى مەجبۇرىي توختىتىۋېتىلدى. بۇنىڭغا ئۇكرائىنا تۈركمەنىستانغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان 450 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىغان تەبىئىي گاز ھەققىنى ۋاقتىدا تۆلىمىگەنلىكى سەۋەب بولدى. زۇڭتۇڭ نىيازوۋ « رۇسىيە - تۈركمەنىستان تەبىئىي گاز » ھەمسىدارلىق شىركىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ۋاقتىنچە توختىتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. مەزكۇر شىركەت تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش شىركىتى بولۇپ، ئۇنىڭ 45% پېيى رۇسىيىنىڭ « تەبىئىي گاز سانائىتى » شىركىتىگە تەۋە ئىدى.

ئەمما ئاشخابادنىڭ رۇسىيىنىڭ تەبىئىي گاز توشۇش يولىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ تەبىئىي گازىنى توشۇيدىغان باشقا يوللارنى تېپىشقا ئۇرۇنۇشى پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. 1997-يىلى 12-ئايدا تۈركمەنىستان بىلەن ئىراننىڭ زۇڭتۇڭلىرى كولبېج ( تۈركمەنىستان ) - كۇرت - كۇئى ( ئىران ) لىنىيىسى بويىچە تەبىئىي گاز توشۇيدىغان تۇرۇبىنى ئاچتى. بۇ خىل تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گازلىرىنى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە توشۇيدىغان تۇنجى بىۋاستە چىقىرىش ئېغىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

لېكىن يىللىق گاز توشۇش مىقدارى 8-10 مىليارد كۇپ مېتىرغا يېتىدىغان بۇ خىل يېڭى تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى پەقەت ئىراننىڭ ئېھتىياجىنىلا قاندۇرالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاشخاباد رۇسىيىنى ئەگىپ ئۆتۈپ، ئىران ئارقىلىق تەبىئىي گازنى تۈركىيە ۋە بەزى ياۋروپا دۆلەتلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئامالسىز قالدۇ.

تۈركمەنىستاننىڭ كاسپى دېڭىزىنىڭ دېڭىز ئاستى ئارقىلىق ئەزەربەيجاندىن ئۆتۈپ، تۈركىيىگە تەبىئىي گاز توشۇش پىلانىمۇ ئەمەلىيەتتە ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئەزەربەيجان

بىلەن تۈركىيە پەقەت نەخچىۋان ئارقىلىقلا تۇتىشىدۇ، ئەمما نەخچىۋانغا بارىدىغان يولنى بولسا ئەرمىنىيە ئاللىقاچان كېسىپ تاشلىغان. قاراباغدا توقۇنۇش داۋاملىشىۋاتقان پەيتتە مۇشۇنداق بىر نېفىت تۇرۇبىسىنى قۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلىش پەقەت ئېغىزدىكىلا گەپ، خالاس.

تۈركمەنىستان رەھبەرلىرى ئافغانىستان زېمىنى ئارقىلىق پاكىستاندىن ئۆتۈپ دۇنيا تەبىئىي گاز بازىرىغا كىرىش خىيالىدىمۇ بولدى. ئەمما بۇنىڭدا نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ، پەقەت ئافغانىستاننىڭ ۋەزىيىتى نورمال بولغان ئەھۋال ئاستىدىلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

شۇنداق بولغاندا، تۈركمەنىستاننىڭ نېفىتىنى توشۇشقا بولىدىغان ئەڭ ئەپچىل ھەم ئەڭ بىخەتەر يول يەنىلا بۇرۇنقىدەك شىمال تەرەپتە رۇسىيە تۇپرىقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان لىنىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چېرنومىردىننىڭ زىيارىتىنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تۈركمەنىستان رەھبەرلىرىنى بۇ نۇقتىغا ئىشەندۈردى ھەم نىيازوۋنى رۇسىيە بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىشقا كۆندۈردى. ئەلۋەتتە، تۈركمەنىستان تەبىئىي گاز ترانسپورتىنىڭ خىراجەت نىسبىتى مەسىلىسى تېخى ھەل بولغىنى يوق، بۇ مەسىلىنى رۇسىيە ـ تۈركمەنىستان ئىككى تەرەپ تەسىس قىلغان ھۆكۈمەتلەر ئارا كومىتېت ھەل قىلىدۇ. بۇنىڭدا 1998 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن بۇرۇن بورىس يېلتسىن تۈركمەنىستاننى زىيارەت قىلغاندا موسكۋا بىلەن ئاشخاباتنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ مەيدانى مەسىلىسىدە ئاخىرى بىرلىككە كېلىش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ( 03 )

# شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئالما ـ ئاتادا تۇرۇشلۇق تىجارەت ئورنى

جۇڭگو شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئالما ـ ئاتادا تۇرۇشلۇق يېڭى تىجارەت ئورنى 1998 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تىجارەت باشلىدى. جۇڭگونىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى، قازاقىستان دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەكىلى ھەم قازاقىستان ئايرودرومى ۋە قازاقىستان ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

خەلقئارالىق ئۆلچەمگە لايىق ئايروپىلانلارغا ئىگە بولغان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى 51 لىنىيىدە ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى 1989 ـ يىلى ئالما ـ ئاتا شەھىرىدە ۋەكالەت ئورنى تەسىس قىلىپ، ئاساسلىقى ئالما ـ ئاتا بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدىكى ھاۋا يولى ترانسپورتى ئارقىلىق قازاقىستاندىكى تىجارىتىنى ئۇلغۇيتۇش كېڭەيتتى. 1990 ـ يىلى 2000 ئادەم قېتىملىق ۋە 50 توننىلىق يۈك توشۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغانىدى، ھالبۇكى، 1997 ـ يىلغا كەلگەندە بولسا توشۇلىدىغان ئادەم قېتىم سانى 18 مىڭغا، مال مىقدارى 76 توننىغا يەتتى. ( 03 )

# شىنجاڭ پاختىسى تېزراق سېتىلسۇن

شىنجاڭ پاختىسىنىڭ سېتىلىشىنى تېزلىتىش ۋە ئىمپورت قىلىدىغان پاختىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن مەملىكەتلىك پاختا سودىسى بازىرىنى تەڭشەش گۇرۇپپىسى كارخانىلارنىڭ شىنجاڭ پاختىسىنى سېتىۋېلىش دائىرىسىنى ۋە مىقدارىنى كېڭەيتىشنى قارار قىلدى.

توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، ئېكسپورت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق كارخانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن شىنجاڭ پاختىسىنى سېتىۋېلىشقا بولىدۇ، مىقدارى چەكلەنمەيدۇ. جۈملىدىن، ئەسلىدىكى پاختا سېتىۋېلىپ پىششىقلاش سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان، ئېكسپورت قىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا شىنجاڭ پاختىسى ئىشلەتمىگەن، پىششىقلاش سودىسى ئۈچۈن پاختا ئىمپورت قىلىشنى ئازايتقان كارخانىلار شىنجاڭ پاختىسىدىن پايدىلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىشلەپچىقارغان ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن پۈتۈن قىممەت بويىچە باج قايتۇرىلىدۇ.

كونكرېت مەشغۇلات چارىلىرى مالىيە مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك باج ئىشلىرى باش ئىدارىسى، تاموژنا باش مەھكىمىسى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار تۈزگەن «شىنجاڭ پاختىسىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار ئۈچۈن نۆل باج نىسبىتى بويىچە باشقۇرۇش ئۇسۇلى يولغا قويۇش نىزامى» (مالىيە باج ھۆججىتى [1997] 126 نچى نومۇر) غا ئاساسەن ئىجرا قىلىنىدۇ.

شىنجاڭدىن بىۋاسىتە سېتىۋالغان شىنجاڭ پاختىسىنىڭ باھاسى يەنىلا مەملىكەتلىك پىلان كومىتېتى قاتارلىق 4 تارماق بىرلىشىپ ئېلان قىلغان «〈"شىنجاڭدىن سېتىۋېلىنىدىغان پاختا" بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تەپسىلىي پىرىنسىپى〉 ۋە 〈جۇڭگو پاختا باش شىركىتى ئۈچ مىليون 400 مىڭ دەن شىنجاڭ پاختىسىنى سېتىش چارىسى〉 توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» ۋە «مەملىكەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ پاختا ئىككىنچى دەرىجىلىك پونكىتى، يىغىلغان پاختىلارنى تەڭشەپ تارقىتىش ترانسپورت ھەققىنى ۋەكالىتەن بېجىرىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» غا ئاساسەن ئىجرا قىلىنىدۇ؛ جۇڭگو پاختا باش شىركىتى 1997-يىللىق بېكىتكەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇپ ئاپارغان "شىنجاڭ پاختىسى" نىڭ سېتىلىش باھاسى باشقىدىن بېكىتىلىدۇ. (04)

(بېشى 13-بەتتە)

تاللىۋېلىشى تامامەن توغرا، شىنجاڭ «چېگرا سودىسى ئارقىلىق چېگرانى گۈللەندۈرۈش، چېگرا سودىسى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش» فاڭجېنى يېتەكچىلىكىدە، باسقۇچ خاراكتېرلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇندىن كېيىنكى چېگرا سودىسىنىڭ تەرەققىي تېپىشى چېگرا ياقىسىدىكى ئۆلكىلەر ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىدىمۇ تېخىمۇ زور رول ئوينايدۇ.

شاھزادىم سېيىت (ت)

# شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى

بۇ يىل، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چېگرا سودىسى يەنىمۇ كېڭەيتىش قەدىمىنى تېزلەتتى، ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزىدا 2-ئايلىق ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرى 14.9 مىڭ تونىنغا يېتىپ، ئىلگىرىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 15.3% ئاشتى، قورغاس چېگرا ئېغىزىغا 2-ئايدا قازاقىستاندىن كىرگەن سەييارە سودىگەرلەر سانى 2513 ئادەم قېتىمغا، سودا - سېتىق سوممىسى 21 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئادەم قېتىم سانى ئىلگىرىكىدىن 171% ئاشتى. تورغات چېگرا ئېغىزىدا 1-ئايدىن 4-ئايغىچە بولغان مەزگىلدە ئىمپورت ئېكسپورت قىلىنغان مال سانى 14635 تونىنغا، مال قىممىتى 9 مىليون 760 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. تۆركەشتام چېگرا ئېغىزىنىڭ يول قۇرۇلۇشلىرى تېخى مۇكەممەل بولمىسىمۇ، شۇ يىللىق ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 26 مىڭ 123 تونىنغا يەتكەن، بۇ يىل 1-ئايدىن 4-ئايغىچە بولغان ۋاقىتتا ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 4844.2 تونىنغا يېتىپ، ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىنلاشقان پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە، يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە چېگرا سودىسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 25% ئەتراپىدا بولغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چېگرا سودىسىنى ئېچىش يولىدا ئەمەلىيەتكە ماسلىشىپ تۆۋەندىكىدەك مول تەجرىبىلەرگە ئېرىشتى.

**بىرىنچى**، رايون، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك تاشقى سودا كارخانىلىرى « ۋەكالەتچىلىك تۈزۈمى » نى يۈرگۈزۈپ، ھەرقايسى كارخانىلار ئۈچۈن چېگرا سودىسىدا ۋەكالەتچى بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن مال تالونى كېسىپ بېرىش، تاموژنىغا مەلۇم قىلىش ۋە كارانتىن قىلىش خىزمەتلىرىنى ئۆتەپ، چېگرا سودىسىدا بىجىرىشكە تېگىشلىك بولغان رەسمىيەتلەرنىڭ ( ھېسابات تالونى، قاچىلاش تالونى، ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇننىڭ ئىسپات قاتارلىق ) ئۆلچەملىشىش، چېگرا سودىسىدا تاموژنىغا مەلۇم قىلىش ۋە كارانتىن قىلىش ئىشلىرىنىڭ مۇنتىزىملىشىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئويناپ، چېگرا سودا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

يەرلىك تاشقى سودا كارخانىلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت ھوقوقى بولمىغان ھەرقايسى كارخانىلار ئۈچۈن ۋەكالەتچىلىك قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن مال تالونى كېسىش تاموژنىغا مەلۇم قىلىش ۋە كارانتىن قىلىش ھەم رەسمىيەت خىراجىتى يىغىپ، نۇرغۇنلىغان تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى يېڭىشىغا ياردەم بېرىپلا قالماي، چېگرا سودا ئىشلىرىنىمۇ ئۆلچەملەشتۈرۈپ، چېگرا سودا ستاتىستىكىسى ئۈچۈن ئىلمىي ئاساسلارنى ھازىرلاپ بەردى. يەرلىك تاشقى سودا كارخانىلىرى يەككە تىجارەتچىلەر، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا ۋەكالەتچىلىك قىلىپ، ئۇلار تىجارەت قىلىۋاتقان ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرى ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىپ ساختا، ناچار ۋە مەنئىي قىلىنغان بۇيۇملارنىڭ ئىمپورت ۋە ئېكسپورت

قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە ئازاتتى.

ئىككىنچى، ساياھەت قىلىپ مال سېتىۋېلىشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ساياھەت ئىشلىرى بىلەن چېگرىدا مال سېتىۋېلىشنى بىرلەشتۈردى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە «چېگرا رايون مېھمانخانىسى» بىلەن «خۇالىڭ توپ سېتىش بازىرى» بار، بۇ يەردە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر بولۇپ، بۇلتۇرقى ساياھەت قىلىپ مال سېتىۋېلىشتا ئېكسپورت قىلىنغان ماللىرىنىڭ قىممىتى 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىنلاشقان، مال توشۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان ئايروپىلان قېتىم سانى 650 قېتىمدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۈرۈمچى چېگرا سودا شىركىتى «چېگرا رايون مېھمانخانىسى»غا «ئېكسپورت ۋاكالەتچىلىك بۆلۈمى» تەسىس قىلىپ، يەككە تىجارەتچىلەر ئۈچۈن مال تالونى تۈزۈپ بېرىش، تاموژنىغا مەلۇم قىلىش، كارانتىن قىلىش ۋە ۋەكالەتەن مال يۆتكەپ بېرىش ئىشلىرىنى بېجىرىپ بېرىش، ئومۇمىي يۈزلۈك ئالقىشقا ئېرىشتى ھەم ساياھەت بىلەن چېگرا سودىسىنىڭ جانلىق بىرلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، شىنجاڭنىڭ چېگرا سودا ئىشلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، بۇنىڭدىكى سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىمە بولدى. ئاساسلىقى ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ئىددىيىنى ئازات قىلىپ ئىجادچانلىق بىلەن «ۋەكالەتچىلىك تۈزۈم»نى قوللىنىپ، ئىمپورت - ئېكسپورت كارخانىلىرى بىلەن يەككە كارخانىلاردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشىنى ئەپچىللىك بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، چېگرا سودىسىدا غايەت ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى.

ئەمما شىنجاڭ چېگرا سودا ئىشلىرىدا يەنە بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ، جىددىي تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولماقتا:

1. دۆلەتنىڭ چېگرا سودىسىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەڭ قويۇۋېتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەسىلەن، سان جەھەتتىن چەكلىنىپ ئىمپورت قىلىپ تىزىمغا ئېلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا كومىتېتى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، ھەر يىللىق نورما چېكىنى كۆرسىتىپ بېرىش؛

2. ھازىرغا قەدەر چېگرىداش دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئېكسپورت ئورۇنلىرىغا بولغان مال قەرزىنىڭ قىممىتى يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىن، قارشى تەرەپمۇ بۇ قەرزلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەم ھەر خىل قاتناش ماشىنىلىرى، ھەر خىل تېخنىكىلىق ماشىنىلارنى قەرز تۆلىمى قىلىپ بېرىش.

3. دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەرگە ياردەم قىلىش تۈرلىرىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىش، مۇشۇنداق قىلغاندا توشۇش خىراجىتىنى ئازايتقىلى ھەم شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭنى باشقا چېگرا ياقىسىدىكى ئۆلكىلەرگە ئوخشاش، چېگرا سودىسىنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى قىلىپ (ئاخىرى 29-بەتتە)

# خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ۋە ئەزەربەيجاننىڭ كەلگۈسى

خۇسۇسىيلاشتۇرۇش سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا ئەزەربەيجاندا كېيىنرەك باشلاندى. ئەگەر ئەزەربەيجان باشقا دۆلەتلەرنىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇش جەريانىدا ئىگە بولغان تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىمىسە ئۇ ھالدا ناھايىتى ئەخمەقانىلىق بولىدۇ. 1997-يىلى 3-ئاينىڭ 1-كۈنى ئەزەربەيجان ئاھالىلىرىگە خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاكاسىيسى تارقىتىلىپ، 4-ئاينىڭ ئاخىرىغا بارغاندا 10 مىڭدىن ئارتۇق كىچىك تىپتىكى كارخانىلار خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويىدى.

ئەزەربەيجاننىڭ دۆلەت مەبلىغىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش قانۇنى 1993-يىلىنىڭ باشلىرىدا ماقۇللانغان، مەزكۇر قانۇنغا ئاساسەن، " 1995 - 1998 - يىللىق دۆلەت مەبلىغىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش لايىھەسى " نى تۈزۈپ چىقتى. مەزكۇر لايىھەدە خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنىڭ نىشانى، ئاساسىي ۋەزىپىسى، ئالدىن ھەل قىلىنىدىغان مەسىلىلەر، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئۇسۇلى، باسقۇچى ۋە قەرەلى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. كەلگۈسىدە خۇسۇسىيلاشتۇرۇلىدىغان كارخانا، ئەمەلىي گەۋدىلەرنىڭ تۈرلىرى مۇقىملاشتۇرۇلدى ھەمدە ھەرقايسى كارخانىلارنىڭ پاي تۈزۈمى شىركىتى لىنىيىسىگە قاراپ مېڭىش پروگراممىسى، پاي قوشۇشنىڭ تەپسىلىي جەريانى، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش جەريانىدىكى ئىگە بولغان مەبلەغنىڭ ئىشلىتىش تەرتىپى، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاكاسىيسىنىڭ تارقىتىش سانى ۋە شەرتى، ئىشلىتىش تەرتىپى قاتارلىقلارنى ئېنىق بەلگىلىدى.

## خۇسۇسىيلاشتۇرۇش باسقۇچى، شەكلى ۋە بۇ جەرياندىكى كارخانىلارنىڭ تۈرلىرى

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش باسقۇچلارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەربىر باسقۇچتا كارخانا قانۇنىي كاپىتالىدىكى دۆلەت سالغان مەبلەغنىڭ نىسبىتى قەدەممۇ - قەدەم ئازىيىپ بارىدۇ. خۇسۇسىيلاشتۇرۇش لايىھەسى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنىڭ 4 خىل شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ 4 خىل شەكىل بىرلا ۋاقىتتا تەڭ ئېلىپ بېرىلىدۇ:

— كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش؛

— چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش؛

— پاي تۈزۈمى ۋە ھەسسىدارلار تۈزۈمىدىكى بانكىلارنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش؛

— ئالاھىدە كەسپىي مەبلەغ ۋە كەسىپ ھالقىغان مەبلەغنىڭ پاي چېكىنى سېتىش.

ھەرقايسى ئەمەلىي گەۋدە ۋە كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي خۇسۇسىيلىشىش ئىمكانىيىتىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

— خۇسۇسىيلاشتۇرۇش مەنئىي قىلىنغان كارخانىلار ۋە ئەمەلىي گەۋدىلەر؛

— خۇسۇسىيلاشتۇرۇش يۈرگۈزۈشكە بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى پرېزىدېنت (زۇڭتۇڭ) قارار قىلغان كارخانىلار ۋە ئەمەلىي

كەۋدىلەر؛

— خۇسۇسىيلاشتۇرۇش يۈرگۈزۈشكە بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى ئىچكى كابىنېت قارار قىلغان كارخانىلار ۋە ئەمەلىي كەۋدىلەر؛

— دۆلەتنىڭ دۆلەت مەبلىغىنى باشقۇرۇش كومىتېتى يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلار بىلەن كېڭىشىپ بېكىتكەن خۇسۇسىيلاشتۇرۇش يۈرگۈزۈشكە بولىدىغان ياكى بولمايدىغان كارخانىلار ۋە ئەمەلىي كەۋدىلەر؛

— خۇسۇسىيلاشتۇرۇش زۆرۈر بولغان كارخانىلار ۋە ئەمەلىي كەۋدىلەر.

## "كىچىك تىپ" لىق خۇسۇسىيلاشتۇرۇش

ئەزەربەيجاننىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئاتالمىش "كىچىك تىپ" لىق خۇسۇسىيلاشتۇرۇشتىن باشلانغان بولۇپ، سودا ۋە مۇلازىمەت ئەمەلىي كەۋدىسىنىڭ شەخسى ئىگىدارلىققا ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەزەربەيجاندىكى ھەر بىر ماگىزىن، كىيىم تىكىش دۇكىنى ياكى ماي قاچىلاش ئورۇنلىرىنىڭ ئەسلىدە خوجايىنى بار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۇلىنى رېمونت ۋە مۇلازىمەتكە ئىشلەتكەن. شۇڭا "كىچىك تىپ" لىق خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئەمەلىيەتتە تەبىئىي خۇسۇسىيلىشىپ بولغان كىچىك تىپتىكى كارخانىلاردۇر. مەلۇم كارخانىغا قارىتا خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغاندا، شۇ كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەلۇم ئېتىبارغا ئېرىشىدۇ: خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاكسىيىسى ئارقىلىق پاي چېكىنىڭ دەسلەپكى باھاسىدا كارخانىنىڭ قانۇنىي ئومۇمىي كاپىتالىنىڭ 15% سېتىۋالالايدۇ. ئېشىپ قالغان كاپىتال تۆۋەندىكى تەدبىر بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ.

— پاينىڭ 30% ى ھەقسىز ئۆتۈنۈپ بېرىلىدۇ؛

— پاينىڭ 30% سېتىلىپ، 5 ئاي ئىچىدە پۇلنى تۆلەپ بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ؛

— پاينىڭ 40% سېتىلىپ، 3 يىل ئىچىدە پۇلنى تۆلەپ بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، لېكىن پۇل مىقدارىنى مەجبۇرىي ۋالىيوتاغا چېتىپ قويۇشقا سېتىۋالغۇچى تەرەپ جوقۇم ماقۇل بولۇشى كېرەك.

## بايلىقتا تولغان دۆلەتتىكى ئالتۇن يامغۇر

ئەزەربەيجاندا 32 مىليون پارچە خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاكسىيىسى ئوبروت قىلىش ئۈچۈن بازارغا سېلىنىدۇ. بۇنىڭ مۇددىتى 3 يىل بولۇپ، رۇسىيىنىڭكىگە ئوخشاش ئىختىيارى ئوبروت قىلىنىدۇ ۋە قانۇن رۇخسەت قىلغان ھەرقانداق شەكىلدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇ شەكىل سېتىۋېلىش، ھەدىيە قىلىش، ۋارىسلىق قىلىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەربىر ئەزەربەيجان گراژدانى بىر نۇسخا تۆت پارچە، قىممىتى ئوخشاش بولغان خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاكسىيىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇنىڭ قىممىتى پۇل بىرلىكى بىلەن ئىپادىلەنمەستىن بەلكى ئەزەربەيجان دۆلەت مەبلىغىنىڭ 32 مىليوندىن بىر قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئاكسىيىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن دۆلەت مەبلىغىنىڭ قىممىتىگە تەڭ بولغاچقا پاخاللىشىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بىر نۇسخا تۆت پارچە قىلىش ئۇسۇلى سېلىنغان مەبلەغنىڭ خەۋپ - خەتىرىنى بۆلۈۋېتىش رولىنى ئوينايدۇ، چۈنكى مەبلەغنى تۆت

كارخانىغا بۆلۈپ سېلىشقا بولىدۇ. ئاكاسىيىنى ساقلىغۇچىلار كارخانىنىڭ پاي چەكلىرى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىلغاندا ئۆزى مەبلەغ سېلىشقا بولىدۇ ياكى كاپىتال بازارلىرىدا خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاكاسىيىسى كەسپىي شىركەتلىرى ئارقىلىقمۇ مەبلەغ سېلىشقا بولىدۇ.

ئەزەربەيجان دۆلەت مەبلىغىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسەن ھەر بىر پارچە خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاكاسىيىسى دۆلەت ئاساسىي مەبلەغ زاپىسى قىممىتىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلانغان بولۇپ، تەخمىنەن 800 ئامېرىكا دوللىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئاكاسىيىنىڭ ئالماشتۇرۇش بازىرىدىكى باھاسى پۇخرالارنىڭ ئىقتىسادىي ئىقتىدارىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. لېكىن كەلگۈسىدە ھەر بىر فىتىملىق كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش باھاسىنى تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بەلگىلەيدۇ. خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاكاسىيىسى تارقىتىلغان بىرىنچى كۈنى ھەربىر پارچىسىنىڭ باھاسى 300 — 400 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. 1997 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئەكسىچە 25 — 30 ئامېرىكا دوللىرىغا چۈشۈپ قالدى.

ئاكاسىيىنى ساقلىغۇچىلارنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

— پېنسىيىگە چىققان خادىملار، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ۋە نامراتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاكاسىيىسىنى قولغا ئالغان ھامان سېتىۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ؛

— تۇرمۇشى يامان ئەمەس، باشقىلار ئۆتۈنۈپ بەرگەن خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاكاسىيىسىنى سېتىۋالغىدەك ئارتۇقچە پۇلى يوق، لېكىن ئۇلار ئېھتىمال بۇ قېتىم كارخانا باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشنىڭ ياكى ھېچ بولمىغاندا پايىنىڭ تۇراقلىق ئۆسۈمىدىن بەھرىمان بولۇشنىڭ بىردىن - بىر پۇرسىتى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ يەتكەن كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

— كۆپ بايلىقى ئىگە، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاكاسىيىسىنى سېتىۋېلىش قۇدرىتى بولغان شۇنداقلا كارخانا باشقۇرۇش مەقسىتى بار كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ۋە سېتىۋېلىش

دۆلەت كارخانىلىرىنى پاي تۈزۈمى شىركىتىگە ئۆزگەرتىشتىكى قانۇنىي پروگراممىسىدا بەلگىلىنىشىچە، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغان كارخانىلارنىڭ پاي چېكىنى تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ سېتىشقا بولىدۇ:

— مەزكۇر كارخانا خادىملىرىغا ئېتىبار بېرىش شەرتى ئاستىدا سېتىپ بېرىش؛

— كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش؛

— سودا خاراكتېرىدىكى خېرىدارلىق رىقابىتى؛

— مەبلەغ سېلىش خاراكتېرىدىكى خېرىدارلىق رىقابىتى؛

— تاماملىنىپ بولمىغان تۈرلەرنى، ۋەيران بولغان ۋە ۋەيران بولىدىغان كارخانىلارنى سېتىش؛

— ئىجارىگە ئالغۇچى ئىجارىگە ئالغان مەبلەغنى سېتىۋېلىش.

سودا خاراكتېرىدىكى خېرىدارلىق رىقابىتى ۋە مەبلەغ سېلىش خاراكتېرىدىكى خېرىدارلىق رىقابىتى يۈرگۈزۈلگەن كارخانىلار خۇسۇسىيلاشتۇرۇش يۈرگۈزۈلگەن كارخانىلارنىڭ 10% تىدىن كۆپ بولماسلىقى كېرەك.

مەبلەغ سېلىش خاراكتېرىدىكى خېرىدارلىق رىقابىتى يۈرگۈزۈشتە خېرىدار بولغۇچىنىڭ مەبلەغ سېلىش پىلانى بولۇشى كېرەك. كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، كارخانا مەخسۇس ھەيئەت بولۇپ تەشكىللىنىپ، كونكرېت پىلان تۈزغۈزۈپ، دۆلەتلىك دۆلەت مەبلىغىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك. ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ پاي چەكلىرىنى سېتىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

— 15% ئېتىبار باھادا سېتىش؛

— كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش 50% تىن تۆۋەن بولماسلىق؛

— 10% — 20% نى نەق پۇلغا سېتىش؛

— 25% نى دۆلەتنىڭ دۆلەت مەبلىغىنى باشقۇرۇش كومىتېتى تەشكىللىگەن " مەبلەغ زاپىسىغا كاپالەتلىك قىلىش فوندى " ۋە " مەبلەغ سېلىش ئىچكى فوندى " غا تاپشۇرۇپ بېرىش، ئالدىنقىسىغا 15% نى، كېيىنكىسىگە 10% نى تاپشۇرۇش.

" مەبلەغ زاپىسىغا كاپالەتلىك قىلىش فوندى " مەبلىغىنى ئىشلىتىشنى پرېزىدېنت ئىچكى كابىنېتىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن بېكىتىدۇ. " مەبلەغ سېلىش ئىچكى فوندى " نى قۇرۇشتىكى مەقسەت چەت ئەل مەبلىغى جەلپ قىلىش، چەت ئەلدىكى پۇل مۇئامىلە بازارلىرىدا مەزكۇر فوندنىڭ پاي چەكلىرىنى سېتىش ئارقىلىق ئەزەربەيجاننىڭ تاشقى پېرېۋوتىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار مەزكۇر فوندنىڭ پاي چېكىنى ئىختىيارى سېتىۋالسا بولىدۇ.

ئەزەربەيجان خۇسۇسىيلاشتۇرۇشتىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان چەكلىمە دۆلەت ساقلاپ قالغان 51% پاي چېكىگە بولغان كونترول ھوقۇقى ياكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ 25.5% ئادەتتىكى پاي چېكىگە بولغان كونترول ھوقۇقى ۋەياكى " ئالتۇن پاي " چېكى تارقىتىشتا ئىپادىلىنىدۇ. " ئالتۇن پاي " غا ئىگە بولغاندا پاي شېركەتلىرىنىڭ قارارىنى دۆلەتنىڭ ئىنكار قىلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى پاي شېركەتلىرىنىڭ قانۇنى بەلگىلىمىسىدە تۆتتىن ئۈچ قىسىم پايچېكلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشى كېرەك دەپ، بەلگىلەنگەن. پەقەت، كارخانىلار تەبىئىي مونوپول كەسىپكە تېگىش قىلغاندىلا، دۆلەت بىخەتەر بولغاندىلا، مۇھىت ياخشىلىنىپ، خەلق ساغلام بولغاندىلا ئاندىن " ئالتۇن پاي " تارقىتىلىدۇ.

## چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ قاتنىشىش ئېھتىماللىقى

ئەزەربەيجان خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭمۇ قاتنىشىشىنى كۆزدە تۇتتى. قانۇنغا ئاساسەن، خۇسۇسىيلاشتۇرۇشقا قاتنىشىشقا بولىدۇ دەپ قارالغان چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرى:

— ۋەكالەتچىسى چەت ئەللىك ۋە چەت ئەل مەبلىغى 25% تىن ئارتۇق بولغان چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار؛

— چەت ئەللىك تەبىئىي كىشىلەر؛

— دۆلەت تەۋەلىكى بولمىغان كىشىلەر.

چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار دۆلەت تارقاتقان، قىممەتكە ئىگە سەپلىمە پۇل بېلىتى يەنى ئاتىلىپ كېلىۋاتقان " دۆلەت خۇسۇسىيلاشتۇرۇش سېتىۋېلىش بېلىتى " ئارقىلىق ئاكاسىيىگە ئاساسەن كارخانىلارنىڭ كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشىغا قاتناشسا بولىدۇ. سېتىۋېلىش بېلىتىنىڭ كۈچكە ئىگە مۇددىتى 3

يىل. مەزكۇر سېتىۋېلىش بېلىتىگە خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاكاسىيىسى سېتىۋېلىشقا بولىدۇ، ھەتتا خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاكاسىيەسىگە ئاساسەن سېتىۋېلىنىدىغان كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش سودىسىغىمۇ قاتنىشىپ، كارخانىلارنىڭ ياي چېكىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. سودا تاماملانغاندىن كېيىن، سېلىنغان مەبلەغنى ساقلاش ۋە باشقۇرۇش دۆلەتلىك سىستېمىسى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئاكاسىيىسى ۋە سېتىۋېلىش بېلىتىگە قارىتا تەكشۈرۈپ ھېساباتتىن ئۆتكۈزۈش ئېلىپ بارىدۇ.

ساقلاش ۋە باشقۇرۇش دۆلەتلىك سىستېمىسىنىڭ رولى قىممەتكە ئىگە بېلەت ساقلاش، ئۇنىڭ نەق پۇل ياكى نەق پۇلسىز ئوبوروت بولىۋاتقىنىغا، پايچېكلارنى تىزىملاش ئېلىپ بېرىشقا، قىممەتكە ئىگە بېلەت ساقلىغۇچىلارنى ۋە سودا - سېتىق كېلىشىملىرىنى تىزىملاش شۇنداقلا باشقا ساقلاش، باشقۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش. ئەزەربەيجاندا " ساقلاش ۋە باشقۇرۇش مەركىزى " قۇرۇلغان بولۇپ، بارلىق پاي چېكى تارقاتقان ئورۇنلارنىڭ پايچېكلىرىگە قارىتا تىزىملاش ۋە سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ياخشى ئاساس ۋە بۇ بازار سودىسىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئارا ھېساباتىغا قولايلىق ياراتتى.

## ياخشى باشلىنىش

ئەزەربەيجان خۇسۇسىيلاشتۇرۇش يۈرگۈزگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، ماكرو ئىقتىساد كۆرسەتكۈچى يامان ئەمەس ئىدى. ئۇزۇن مەزگىل ئىقتىساد تۆۋەنلەپ 1996 - يىلىغا كەلگەندە خەلق ئىقتىسادىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1.3% كە كۆتىرىلىپ، قىزىل رەقەم ئازايتىلدى. مەزكۇر دۆلەت پۇلىنىڭ قاتتىق ۋاليوتاغا بولغان سېلىشتۇرما باھاسى ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە مۇقىملىقىنى ساقلاپ، پۇل پاخاللىق چېكى 1994 - يىلىدىكى 1600% تىن 1996 - يىلىدىكى 12% كە تۆۋەنلىدى.

ئەزەربەيجان " يەر قانۇنى " ، " پاي شىركىتى قانۇنى " ، " مەبلەغ سېلىش قانۇنى " ، " قىممەتكە ئىگە بېلەت ۋە پۇل مۇئامىلە بىرژا قانۇنى " ، " ۋەيران بولۇش قانۇنى " ۋە " چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنى قوغداش قانۇنى " لىرىنى بېكىتتى ۋە يولغا قويدى. مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئاشكارا، تەرتىپلىك مۇھىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن باج قانۇنى تۈزۈلمىسىگە ئىسلاھات ئېلىپ بارماقتا. ھەق تەلەپ قانۇن كودېكسىنىڭ يېڭى لايىھىسىنىمۇ تۈزمەكتە. بۇ كەلگۈسىدە مەزكۇر دۆلەت شىركەتلىرى ۋە چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ تىجارەت پائالىيەتلىرىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەزەربەيجان سودا مىنىستىرلىكى دەل مۇناسىۋەتلىك ئاپپاراتلار بىلەن ئامانەت - قەرز دەرىجە كېنىشكىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە مەسلىھەتلەشمەكتە. چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس ئەزەربەيجاننىڭ مال، پۇل دەرىجىسى ئېھتىمال رۇسىيە، قازاقىستاننىڭ سەۋىيىسى بىلەن ئوخشاش دەپ مۆلچەرلىدى، شۇڭا ئەمدى ئەزاربەيجاننىڭ خەلقئارا سودا تەشكىلاتىغا قاتنىشىش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلەشسەكمۇ بولىدۇ.

يېڭى ھەق تەلەپ قانۇن كودېكسى ۋە ئامانەت - قەرز دەرىجە كېنىشكىسى قاتارلىق ۋاستىلەر مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتى ۋە مەبلىغىنى ئەڭ چوڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ شۇنداقلا ئەزەربەيجاننىڭ سانائەت ۋە سودىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. (04)

# تاجىكىستان پۇل - مۇئامىلە بازىرىنىڭ ئەھۋالى

تاجىكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ستاتىستىكىلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 1997-يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدا تاجىكىستاننىڭ پۇل پاخاللىق نىسبىتى 125% كە يەتكەن بولۇپ، 1996 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. شۇنداقلا ھەرقايسى ئايلاردىكى پۇل پاخاللىق نىسبىتىنىڭ ئېشىش دەرىجىسىمۇ تۇراقلىق ئەمەس. 1-ئايدا 5.4% بولۇپ، 8-ئايدا 23.5% كە يەتكەن، 2-ئايدىن 5-ئايغىچە 1.4% ۋە 2% تۆۋەنلىگەن. پۇل پاخاللىقنىڭ كۈنسايىن ئېشىشى ئاساسەن تاجىكىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان ۋە ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىك ھەم باشقا مەھسۇلاتلار ( غەيرىي يېمەكلىك ) باھاسىنىڭ ئۆسكەنلىكىدىن بولدى. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ئىچىدە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى ئەڭ تېز ئۆسكەن بولۇپ، پەقەت 8-ئايدىلا 25.2% ئاشقان.

" تاجىكىستان دۆلەت بانكىسى ئاخباراتى " ( №4 - 1997 ) ئېلان قىلغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا، تاجىكىستان دۆلەت ئىچكى كۆرسەتكۈچى تاجىكىستاننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى، پۇل بىلەن تەمىنلەش مىقدارى، مەبلەغ سېلىش سوممىسى ۋە تاجىكىستان رۇبلىسىنى ئامېرىكا دوللىرىغا ئالماشتۇرۇش نىسبىتى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى بەلگىلەيدۇ. باشقا جەھەتلەردىمۇ ئوخشاش شارائىتتا، پۇل بىلەن تەمىنلەش مىقدارى ۋە قەرز ئېلىپ مەبلەغ سېلىش سوممىسىنىڭ كۆپىيىش ۋە ئازىيىشى، تاجىكىستان رۇبلىسى پېربۇوت نىسبىتىنىڭ ئۆرلەش ۋە پەسىيىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پۇل پاخاللىقنىڭ ئېشىش ياكى تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

1997-يىلىنىڭ ئالدىنقى يەتتە ئېيىدىكى تاجىكىستان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1996-يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا مۇقىم قىممەتتىكى ھېسابات 104.3% بولدى. يۇقىرىقى مەزگىلدە دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئەمەلىي ئېشىشى يۇقىرىدىكى ئانالىزغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

تاجىكىستان يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ ئاساسلىق نەتىجىسى يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۇنجى قېتىم مۇقىم قىممەت جەھەتتە ئۆتكەن يىللاردىكى سەۋىيىدىن ئاشتى. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، گەرچە يېزا ئىگىلىكى بىر قەدەر جانلانغان بولسىمۇ لېكىن يۇقىرىقى باسقۇچتا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم قىممەت جەھەتتە ئۆتكەن يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىنىڭ پەقەت 91.1% گە يەتتى. بۇنىڭدىن سانائەت تارماقلىرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بۇ يىلمۇ داۋاملىق تۆۋەنلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئەھۋال كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ياخشى بولماسلىقى مەھسۇلاتلارنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بازىرىنى ناچارلاشتۇرىۋەت-

كەتلىكنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى دۆلەت ئىچىدىكى بازارلاردا ئىمپورت قىلىنغان مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى، تاشقى پىرېۋوت بازارلىرىغا نىسبەتەن بېسىم پەيدا قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئېكسپورت قىلىندىغان تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئازايغانلىقتىن، باشقا مەھسۇلات ۋە خام ماتېرىياللارنى ئېكسپورت قىلىش كونترول قىلىنمىغانلىقتىن، تاشقى پىرېۋوت كىرىمى ۋە بۇ مەھسۇلاتلارنى ساتقاندا ئېلىنىدىغان باج ئازىيىپ كەتتى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلىشى باج يىغىش يېتەرلىك بولماسلىق، خام چوتتىكى قىزىل رەقەم كۆپىيىش، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ زور كۆلەمدە قەرز ئېلىش، پۇل بىلەن تەمىنلەش مىقدارى ئېشىش ۋە پۇل پاخاللىشىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1996-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىن باشلاپ، تاجىكىستاندا قەرز پۇل بېرىش سەۋەبىدىن پۇلنىڭ ئوبوروت قىلىنىشى نورمالسىزلاشتى، قەرز پۇل بېرىش ئورۇنلىرى تارقاتقان پۇل ئۆز ۋاقتىدا يىغىۋېلىنمىغانلىقتىن، رۇبلى بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، پۇلنىڭ پاخاللىششىنى ۋە رۇبلى قىممىتىنىڭ تۆۋەنلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1997-يىلى 8-ئايدىكى پۇل بىلەن تەمىنلەشنىڭ ماكرولۇق كۆرسەتكۈچىنى شۇ يىلى 7-ئايدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 3 مىليارد 500 مىليون رۇبلى ئاشقان. قەرز پۇل تارقىتىش، پۇل بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى ئاشۇرىدىغان بىردىن - بىر ئامىل. 1991-يىلى 9-ئاينىڭ 1-كۈنى تاجىكىستاندا خەلق ئىگىلىكىنى ئىشلىتىپ قەرز ئېلىپ مەبلەغ سېلىش ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليارد 800 مىليون رۇبلىدىن ئاشتى، بۇنىڭ 3 مىليارد 800 مىليون رۇبلىسى قەرز ئېلىنغان. تاجىكىستان مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ قەرزى 22 مىليارد رۇبلىدىن ئاشتى. 1997-يىلى 9-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە مال - مۈلۈككە ئىشلىتىلگەن قەرز سوممىسى 16 مىليارد رۇبلىدىن ئاشتى.

پۇل پاخاللىقىنىڭ كۈچىيىشى ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن دۆلەت پۇلىنى سېتىۋېلىش ئىقتىدارىنىڭ ناچارلىششى، تاجىكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىمپورت تاموژنا بېجىنى يىغىشقا ئەكس تەسىر كۆرسەتتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىش خام ماتېرىيالىغا ئىشلىتىلىدىغان ئىمپورت تاۋار بېجى، تاجىكىستاننىڭ مەھسۇلات باھاسىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئىچى بازارلىرىدىكى ۋە ئوخشاش خىلدىكى ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار بىلەن بولغان رىقابەت كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى. ئىمپورت قىلىنغان كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىيىشى مىتال پۇل ئېھتىياج مىقدارىنىڭ ئېشىش سەۋەبىدىن بولدى.

ئىلگىرىكى تېخى بىر تەرەپ قىلىنمىغان مەسىلىلەرگە ئوخشاش، زور مىقداردىكى پۇل تاجىكىستانغا ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇلمىغان، بۇ قەرزنى كەينىگە سۈرۈش ۋە ۋاقتىدا ھېسابات قىلماسلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، 1997-يىلى 2-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە ۋاقتىدا قايتمىغان پۇلنىڭ ئومۇمىي سانى 86 مىليارد رۇبلىغا يەتتى.

ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇلمىغان دەسمايە، ئاساسەن " شەرق بانكىسى "، " شارك بانكىسى "، " تاجىكىستان سودا بانكىسى " ۋە " تاجىكىستان تاشقى ئىقتىساد بانكىسى " غا مەركەزلەشكەن. 50% تىن كۆپرەك قايتۇرۇلمى-

غان قەرزنى " شەرق " بانكىسىنىڭ خېرىدارلىرى كەلتۈرۈپ چىقاردى، پەقەت تاجىكىستان ئالىيومىن زاۋۇتىلا قايتۇرمىغان قەرز سوممىسى 33 مىليارد رۇبلىدىن ئاشىدۇ.

1997 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدا، قايتۇرۇلمىغان قەرز سوممىسى 1996 ـ يىلىدىكى 46 مىليارد رۇبلىغا قارىغاندا 5 مىليارد 300 مىليون رۇبلى ئاشتى. بۇنىڭدىن قەرز قايتۇرماسلىقنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 1996 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا بىرقەدەر پەسەيگەنلىكىنى ۋە شۇندىن ئېتىبارەن قازاقىستان پۇل ـ مۇئامىلە تەرتىپىنىڭ مۇقىملىشىۋاتقانلىقىنى ۋە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1997 ـ يىلى رۇبلىنىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ھۆكۈمەت تەرەپتىن پېرېۋوت قىلىنىشى 415 نۇقتا تۆۋەنلىدى ( يىل بېشىدا 350 رۇبلى بىر ئامېرىكا دوللىرىغا، 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە كەلگەندە 765 رۇبلى بىر ئامېركا دوللىرىغا پېرېۋوت قىلىنىدىغان بولدى ).

1997 ـ يىلى " قاراڭغۇ بازار " لاردا رۇبلىنىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا پېرېۋوت قىلىنىشى 460 نۇقتا تۆۋەنلىدى. 1997 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دىسكونت ۋە " قاراڭغۇ بازار " لاردا بىر ئامېرىكا دوللىرى 765 ۋە 900 رۇبلىغا يەتتى.

تاجىكىستان بانكىلىرى ئارىسىدىكى پۇل يېرىشىنىڭ ئۈنۈملۈك نورمال ھەركىتى رۇبلى پېرېۋوتىنىڭ مۇقىملىقىنى ھالقىپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق ئامىلدۇر. 1996 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە، يېرىشىدا ئېلىپ بېرىلغان تاشقى پېرېۋوت سودىسى نورماللىقتىن ھالقىپ كەتتى. تاشقى پېرېۋوت كىرىمى ئاساسەن دۆلەتنىڭ پاختىچىلىق سانائىتى ۋە دۆلەت ئالىيۇمىن زاۋۇتىنىڭ باج كىرىمىدىن ( ئامېرىكا دوللىرى بىلەن ھېسابات ئېلىپ بېرىلىدۇ ) دۆلەت بانكىسى ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز بېرىشىدىن شۇنداقلا پاختا ۋە ئالىيومىن ساتقان كىرىمىدىن كىرىدۇ. 1996 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ تاشقى پېرېۋوت باج كىرىمى كەسكىن تۆۋەنلەپ، تاشقى پېرېۋوت كىرىمى كۆپ بولمىدى، خەلقئارا پۇل ـ مۇئامىلە تەشكىلاتىمۇ ياردەمنى توختاتتى. بۇ ئەھۋاللار 1997 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە بولغان ۋاقىتتا تاجىكىستان بانكىلار ئارا پۇل يېرىشىنىڭ ھەركىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، بازارنى پۇل بىلەن تەمىنلەش مىقدارى بىلەن ئامېرىكا دوللىرىنىڭ نورمال ئايرىمىسى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە نورمالسىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن تاجىكىستان پۇلىنىڭ قىممىتىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا قارىتا، تاجىكىستان دۆلەت بانكىسى سودا بانكىسىغا ۋە تاجىكىستان بانكىلار ئارا پۇل يېرىشىغا ماسلىشىپ بىر قاتار چارە ـ تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ چىقىپ، مەزكۇر دۆلەتنىڭ پۇل پېرېۋوت ۋە پۇل سودىسىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىنى قوللىدى. گەرچە 1997 ـ يىلى 7 ـ ئايدا دىسكونت پېرېۋوت نىسبىتى 174 نۇقتا تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ ( بىر دوللار 541 ـ 715 رۇبلىغا ئالماشتۇرۇلىدۇ )، 1997 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بىر دوللارنى 715 ـ 765 رۇبلىغا ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان سەۋىيىنى ساقلاپ قالدى. ( 01 )

# 1998-يىلىدىكى قىرغىزىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى

قىرغىزىستاندىكى پۇتۇنلەي چەت ئەل مەبلىغىگە تايىنىپ قۇرۇلغان تۇنجى كارخانا — چوڭ تىپتىكى بىشكەك " ئىبدىن " دورا زاۋۇتى 1997-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. بۇ زاۋۇتنى قۇرۇشقا 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭغا پاكىستان مەبلەغ سالغان.

زاۋۇت قۇرۇشقا مەسئۇل بولغان « فورماتسىيە » شىركىتىنىڭ لىدىرى ئېيېرگىنبېك مادىيېۋنىڭ قارىشىچە ئاز بولمىغان بۇ مەبلەغ ئىنتايىن جايىدا ئىشلىتىلگەن. ئۇ مۇنداق دېدى : « ئەلۋەتتە، بۇ نەچچە مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى ئىمپورت قىلىنغان دورا سېتىۋېلىشقا ئىشلەتسەك ، بىرگىمۇ ئاسان چۈشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىشىمىز مۇمكىن. ھازىر دورىغا بولغان ئېھتىياج ئىنتايىن جىددىي بولغانلىقتىن، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ھەر قانداق قەرزنى قايتۇرالايمىز. ئىراق بۇنداق بولغاندا، قىرغىزىستان يەنىلا ئۆز دۆلىتىدە دورا ئىشلەپچىقىرالمايدىغان ھالەتتە قېلىۋېرىدۇ. شۇڭا بىز بۇ يىل 1-ئايدىن باشلاپلا قىرغىزىستانلىقلار ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان تۇبېركۇليوز كېسىلىنى داۋالايدىغان ۋە ياللۇغ قايتۇرىدىغان دورىلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۇق ».

« ئىبدىن » زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن دەسلەپكى بىر نەچچە ئايدا 25-30 خىلغىچە دورا ئىشلەپچىقىرىپ، كېيىنچە 100 خىلغا يەتكۈزۈشنى پىلانلىدى. مەزكۇر شىركەت بارلىق دورىلار باھاسىنىڭ ئىمپورت قىلىنغان دورىلار باھاسىغا قارىغاندا كۆپ ئەرزان بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بەردى.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەزكۇر چوڭ تىپتىكى دورا زاۋۇتى يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان قىرغىزىستاندا مەبلەغ سېلىنغان بىردىن - بىر تۈر ئەمەس. نامىنى ئېيتىپ بەرگىلى بولىدىغانلىرىدىن يەنە كۇمبىتوردىكى چوڭ تىپتىكى ئالتۇن قېزىش ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى، كانت ۋە جالال - ئابادتىكى نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، كالا - سۇيى كالا سۈتى زاۋۇتى ۋە چۈپ ئىرىمچىك ياساش زاۋۇتى قاتارلىقلار بار. ھەتتا قىيىنچىلىقى ئەڭ كۆپ بولغان كۆمۈرچىلىك ئىشلىرىغىمۇ مەبلەغ سېلىندى .

ئەڭ مۇھىمى قىرغىزىستان بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە بارغانسېرى مۇستەھكەملەندى. بىشكەكتىكى ئىككى خىل تىپتىكى تۇپولېۋ بىنىك تىپلىق ئايرۇپىلانىنى قۇراشتۇرۇش پىلانى يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىدى. رۇسىيىلىكلەر ھازىر ئىككى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى قۇرۇشقا قاتنىشىۋاتىدۇ. پرېزىدېنت ئاسقار ئاقايېۋ: " رۇسىيە ئىلگىرى قىرغىزىستاننىڭ ئاساسلىق ستراتېگىيىلىك شېرىكى ئىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ دەپ " قايتا - قايتا تەكىتلىدى.

شۇ سەۋەبتىن، دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ 1998-يىلى قىرغىزىستان ئىقتىسادى ئاشقان بىر يىل بولىدۇ دېگەن ئۈمىدۋار مۆلچەرىگە تامامەن ئىشىنىشكە بولىدۇ. ( 03 )

# ئوتتۇرا ئاسىيا زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشى

قىرغىزىستان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باش شتاب باشلىقى پولكوۋنىك زىلىچىنكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەلقئارا زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش " ئوش تۈگۈنى " پروگراممىسىنىڭ ماسلاشتۇرغۇچىسى، بۇ ماقالە دەل ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئاشكارىلىغان ئىچكى قىسمىدىكى بىر قىسىم مەخپىي ماتېرىيالدۇر .

19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا، ئەنگىلىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئەنگىلىيە مۇستەملىكىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە ئۆز مۇستەملىكىسى بولغان ھىندىستاندا ئىشلەنگەن ئەپيۇننى كىرگۈزۈشنى مەنئى قىلىپ جۈگگوغا ئەپيۇن توشىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى جۈگگو زور ئەپيۇن سېتىش بازىرى ئىدى، يەنى قانۇنسىز سودىدىن كېلىدىغان زور كىرىمنىڭ مەنبەسى ئىدى. ئەتكەسچىلىككە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، جۈگگو ھۆكۈمىتى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تېزلا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئەپيۇن ئەتكەسچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەتتىكى ئادەملىرى ۋە گېزىت - ژۇرناللار ئارقىلىق جۈگگونى " ئەركىن سودا " غا توسالغۇلۇق قىلدى، دەپ ئەيىبلەپ ئۇرۇش قوزغىدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا بىر قاتار ئۇرۇشلارنى قوزغىدى. ئەنگىلىيىدىن سىرت، فرانسىيە بىلەن ئامېرىكىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي قوشۇنىنى ئەۋەتىپ بۇ قېتىملىق ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئۇرۇشتىن كېيىن جۈگگو ئۇزاققىچە يېرىم مۇستەملىكە ئورنىدا تۇرۇپ كەلدى. تارىختا بۇ ئۇرۇشلارنى يىغىنچاقلاپ " ئەپيۇن ئۇرۇشى " دەپ ئاتايدۇ.

شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ھازىرغىچە نۇرغۇن يىللار ئۆتتى. بۈگۈن بۇ خىل ئۇرۇش يەنە بىر يەردە، يەنى بىزنىڭ رايونىمىزدا پارتلىدى. بۇ خىل ئۇرۇش 20-ئەسىرنىڭ 60-70-يىللىرىدا بىرمىدا ئېلىپ بېرىلغانىدى. ئۇ يەردىكى كۆكنار ئۆستۈرۈش مەيدانى خېلى ئۇزاققىچە نۇرغۇن قوراللىق بۆلگۈنچىلەرنى بېقىپ كەلگەن. كولومبىيىنىڭ كوكايىن ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقىدىمۇ بۈگۈنگىچە قوراللىق قەبىلىلەر ياشاپ كەلمەكتە، بۇ قەبىلىلەر ھاكىمىيەت تالىشىش ۋە خەلقئارا زەھەرلىك چېكىملىك بازىرىدا تەسىر قوزغاش ئۈچۈن قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارماقتا.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئەپيۇن ئۇرۇشى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى چېگرا لىنىيىسىدىن ئۆتۈپ تاجىكىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستانلاردا قارا ئىزلارنى قالدۇردى. ئامېرىكا زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش ئورگىنىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى ئۈچۈن بىر ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالسا 12240 ئامېرىكا دوللىرى پايدا ئالغىلى بولىدىكەن. ھەرقانداق سودىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش يۇقىرى پايدا كەلتۈرەلمەيدۇ، ھەتتا ھەربىي قورال - ياراق سودىسىدىمۇ بۇنىڭدەك كۆپ پايدىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بۇ ئورگاننىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، 1994-يىلدىن 1995-يىلغىچە زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى گورۇھى ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ مۇھىم سىياسىي قارارلىرىغا قارىتا تەسىر پەيدا قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا بويىچە 24 دۆلەتنىڭ

ھۆكۈمىتىنى كونترول قىلىۋالغان. 20 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ئافغانىستان ئۇرۇشى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈز بەرگەن تاجىكىستان ۋەقەسى، تاجىكىستان «ئۇنىۋېرسال كېسىلى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ داۋاملىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئافغانىستاندا گەرچە دائىم ھۆكۈمەت ئالمىشىپ تۇرسىمۇ، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكىدىن كەلگەن پۇل ـ ماللار بۇ ئۇرۇشلارغا تۈرتكە بولۇپ تۇرماقتا.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، كۆكنار تېرىش ۋەكالەتنامىسى بولمىغان ئافغانىستاندا ھەر يىلى 3 مىڭ توننا قانۇنسىز ئەپيۇن ئۆستۈرۈلىدۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر زور سان! بۇنچىلىك كۆپ زەھەرلىك چېكىملىك رايونىمىزنىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇشقا يېتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا كىرىشكۈدەك پۇل بولىدىغان بولسا، سودا تېخىمۇ كېڭىيىدۇ. ئافغانىستاندىن زەھەرلىك چېكىملىك توشۇيدىغان ئەنئەنىۋى يول ـ ئىران. ئەتكەسچىلەر ئەپيۇننىڭ خام ئەشياسىنى كىرىش قىيىن بولغان ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ئىراننىڭ چېگرىلىنىدىغان رايونى يەنى «ئالتۇن ھىلال ئاي» رايونىدىن ئىرانغا توشۇيدۇ. ئاندىن تۈركىيىگە ئاپىرىپ دېڭىز يولى ئارقىلىق تېخىمۇ يىراق بولغان فرانسىيە بىلەن ئىتالىيىگە ئاپىرىپ، شۇ يەردە خېروئىن پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىدۇ. 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ئىسلام ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، ئىراننىڭ قانۇنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى بىلەن شۇغۇللانغانلارغا قارىتا تېخىمۇ ئېغىر جازالارنى قوللاندى، مەخسۇس ئىسلام دۆلىتى گۋاردىيىسى تارماق ئەترىتى قۇرۇپ زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىگە زەربە بەردى. ئەتكەسچىلەرگە قارشى تۇرغۇچىلار ھەربىي قىسىم ۋە مۇئەسسەسەلەرنى يۆتكەشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئادەمزاتسىز چۆل جەزىرىلەردىن ئەپلىك پايدىلىنىپ 4500 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بېتونلۇق يول ياسىدى، ھەم تىك ئۇچار ئايروپىلاندىن پايدىلىنىپ چېگرا لىنىيىسىدىكى ئۆتكەل ۋە چىغىر يوللارنى چارلىدى. ئىران دېگەندەك باي دۆلەت ئەمەس، بىراق ئۇ بۇنچىلىك كۆپ پۇل خەجلەپ، مىللەتنىڭ ساغلاملىقى ۋە كېيىن زاپىسىنى قوغداپ ئۆزىنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى ئابرويىنى ئۆستۈردى. ئىراننىڭ بۇ تىرىشىشلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۈيۈشما پۇلىدىن ئىراننىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈچۈن نەچچە مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئاجرىتىپ بەردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى ياۋروپاغا ئەپيۇن، خېروئىن ۋە نەشە قاتارلىقلارنى توشۇيدىغان يېڭى يول ئىزلەشكە باشلىدى.

1991 ـ يىلىدىن 1992 ـ يىلىغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن چېگرا قوغدىشى بوشاپ قېلىپ، زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىغا كىرىشىگە تۈرتكە بولدى. 1994 ـ يىلىغا كەلگەندىلا تاجىكىستاننىڭ گورنو ـ باداخشان ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تاموژنا، چېگرا مۇداپىئە پونكىتى، ساقچى ئورگىنى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك تارماقلىرىدا زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى

نۇرۇش ھەرىكىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. 1992-يىلى چېگرىدىكى ۋەزىيەت كونترول قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئەپيۇن ئافغانىستان ۋە پاكىستاندىن بىۋاستە ھالدا گورنو - باداخشان ئاپتونوم ئوبلاستىغا كىرىپ ئۇ يەردىن توسالغۇسىز ھالدا فەرغانە ئويمانلىقىغا ئېلىپ كېلىنىپ، ئاخىرىدا رۇسىيە ۋە سودا - سېتىق جەننىتى دەپ نام ئالغان بالتىق دېڭىز بويلىرىدىكى دۆلەتلەرگە يەتكۈزۈلدى، چۈنكى ئۇ يەردە كۆپ مىقداردا ئەركىن كاپىتال كۆرۈلدى.

بۇ ۋاقىتتا رۇسىيە خۇددىي چۈشتىن ئويغانغاندەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگىنى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشكە، چېگرىنى قوغداش چارىسىنى ئىزلەشكە، مەبلەغ سېلىپ زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكىگە زەربە بېرىشكە، زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئاتلاندى، بىراق ناھايىتى كۆپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزىۋەتتى.

شۇ يەردىكى نۇرغۇن ئاھالىلەر «ئاسانلا پۇل تېپىش» نىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرگەچكە، زەھەرلىك چېكىملىك سودىسىغا كىرىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە قارىتا ئېيتقاندا بۇ خىل خەتەرلىك قىلمىش ئۇلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشىدىكى بىردىنبىر يولىغا ئايلىنىپ قالدى. تاجىكىستاننىڭ گورنو - باداخشان ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارىتا ئېيتقاندا، بۇ خىل تراگېدىيە ئىلگىرىكى تەمىنلەش مېخانىزمى سەۋەبىدىن تېخىمۇ كۈچەيدى. «قەدىمقى گۈزەل دەۋر» دە، يەنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە بۇ ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتنىڭ تاۋارلىرى بىۋاستە ھالدا چوڭ شەھەرلەردىن ۋە موسكۋادىن كەلتۈرۈلەتتى، ئۇ دەۋردە شۇ يەردىكى ئاھالىلار ياكى مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن باشقا جايلاردىن بۇ يەرگە كېلىپ قالغان كىشىلەر ناھايىتى بەختلىك ياشايتتى. ئۇ يەردىن ئۇچرايدىغان ھەرقانداق تاۋارلارنى سېتىۋالغىلى بولاتتى. ھەر كۈنى سانسىزلىغان ئاپتوموبىللاردىن تەشكىللەنگەن ترانسپورت ئەترىتى گورنو - باداخشان ئوبلاستىغا كېلىپ ئۇ يەرنى ھەر خىل تاۋارلار بىلەن تەمىنلەيتتى. يىپ - يىڭنىدىن تارتىپ كۆمۈرگىچە ھەممىنى تاپقىلى بولاتتى. بىر توننا كۆمۈر تۈزلەڭلىك رايوندا 11 رۇبلىغا يارىسا گورنو - باداخشان ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئېلىپ كېلىنىپ 90 رۇبلىغا يارايتتى، بىراق سېتىش باھاسى يەنىلا 11 رۇبلى بولاتتى، دۆلەت مۇشۇنىڭ بىلەن پۇل تاپاتتى. نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان شۇ يەرلىك ئاھالىلار بۇلارغا ئادەتلىنىپ كەتتى. ھەممە مەڭگۈ مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ دەپ، قاراپ كەلدى. بۇ ئوبلاستتا ئاساسەن سانائەت يوق، پەقەت بىر بولكا زاۋۇتى بىلەن كىچىككىنە ئۈنچە - مەرۋايىت زاۋۇتى بار. ئوش ۋە دۈشەنبە شەھەرلىرى ئۇ يەرگە بولغان يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەشنى توختاتقان ئىككىنچى كۈنى، كىشىلەر ماگىزىنلارغا بېرىپ تاۋار جازىلىرىنىڭ قۇپ - قۇرۇق ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار چۆچۈشكە باشلىدى. تۇرمۇشنى قانداق قىلىپ قامداپ كېتىش، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان جىددىي مەسىلىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، يەنى شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بۇ ئوبلاستتىكى كىشىلەر نەدىن، قانداق شەكىل بىلەن يېمەكلىك سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاشقا باشلىدى. ئافغانىستاندىن كۆپلەپ كەلتۈرۈلۈۋاتقان ئەپيۇندىن باشقا، ئۇلار ھېچقانداق نەرسە سېتىۋالالمىدى. ئۇ ۋاقىتتا، يەنى 1992-يىلى، بىر جۈپ ئۆتۈك بىلەن بىر كىلوگرام زەھەرلىك چېكىملىك ئالماشتۇرغىلى بولاتتى. ناھايىتى

جاپالىق بولغان 1992ـ1993ـيىللىرى، گورنو ـ باداخشان ئوبلاستىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن ئىپتىقاندا، ئەپيۇن ـ هايات كەچۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ۋاسىتىسى بولۇپ قالغانىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، مال ئالماشتۇرۇش توختىتىلدى، هېچقانداق نەرسىنى ئالماشتۇرغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. زەھەرلىك چېكىملىكتىن كەلگەن پۇل ئوبوروت قىلىنىشقا باشلىدى، ئەپيۇن سودىسى ئېلىپ بېرىش ئەتكەسچىلەرنىڭ كونتروللىقىدا بولدى. گورنو ـ باداخشان ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى مۇرگۇ شەھرىدە بىر كىلوگرام زەھەرلىك چېكىملىك سېتىۋېلىش ئۈچۈن 500 ـ 550 ئامېرىكا دوللىرى كېتىدۇ، ئۇنى ئوشقا ئاپارسا 2500 ئامېرىكا دوللىرىغا، بىشكەكتە 4000 ئامېرىكا دوللىرىغا، ئالما ـ ئاتادا بولسا 6000 ئامېرىكا دوللىرىغا ساتقىلى بولىدۇ. 500 ئامېرىكا دوللىرى بىلەن 6000 ئامېرىكا دوللىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىر كىلوگرام زەھەرلىك چېكىملىكنى 1500 كىلومېتىر يەرگە توشۇشتىكى پايدىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن نەچچە مىڭ ئادەم يېڭىدىن بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىك مەسىلىسى تېز تاراشقا باشلىدى.

تۆۋەندىكىسى ئەپيۇننىڭ رايونىمىزدا تارقىلىشى توغرىسىدىكى بىرقىسىم سانلىق مەلۇماتلار. 1991ـيىلى قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق يۆتكەلگەن ئەپيۇندىن 3.5 كىلوگرام مۇسادىرە قىلىندى، 1974ـيىلى كۆكنار تېرىش چەكلەنگەندىن باشلاپ 1992ـيىلغىچە ( 1992ـيىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ )، ئاران 20 كىلوگرام زەھەرلىك چېكىملىك مۇسادىرە قىلىندى، 1993ـيىلى بىر يىل ئىچىدىلا 153 كىلوگرام مۇسادىرە قىلىندى. شۇندىن باشلاپ بۇ سانلار يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى: 1994ـيىلى 198 كىلوگرام، 1995ـيىلى 620 كىلوگرام، 1996ـيىلى بولسا 807 كىلوگرام زەھەرلىك چېكىملىك مۇسادىرە قىلىندى، ئەنگە ئېلىنغان زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىك دېلولىرىمۇ 2922 گە يەتتى. 1997ـيىلىنىڭ ئالدىنقى توققۇز ئېيىدىلا زەھەرلىك چېكىملىك دېلوسىدىن 2400 ى يۈز بېرىپ 2125 نەپەر دېلو جىنايەتچىسى قولغا ئېلىندى، قانۇنسىز يوللاردىن ئافغانىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان 921 كىلوگرام ئەپيۇن مۇسادىرە قىلىندى. ئافغانىستاندا كۆكنار تېرىش تەدرىجىي كۆپەيمەكتە، ئەپيۇسلىنارلىقى بۇ كۆكنارلار تاجىكىستان بىلەن قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىگە ئېقىپ كىرمەكتە. 1990ـيىلى زەھەرلىك چېكىملىك ئۆسۈملۈكلىرى ئۆستۈرۈشكە ئائىت جىنايى ئىشلار جازاسى بېرىلگەن دېلو 159 بولغان بولسا، 1996ـيىلى 245 كە يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نامرات كىشىلەر جازادىن قورقمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئاشكارا كۆكنار ئۆستۈرۈش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. ئىلگىرى زەھەرلىك چېكىملىك ئۆسۈملۈكلىرى تاغلاردا، ياغيۇ ۋە كۆممىقوناق مايسىلىرىنىڭ ئارىلىرىدا يوشۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن بولسا، هازىر بىۋاسىتە هالدا هويلىلاردا، داچىلاردا، ئۆيلەردە ئۆستۈرۈلىدىغان بولدى.

يېقىندا ساقچىلار قايتا ـ قايتا جىنايەت سادىر قىلغان جىنايەتچى كۇباكىننىڭ كۆكتاتلىقىدىن 10 مىڭ تۈپ كۆكنار بايقىدى، بۇ يەر بېشكېك شەھرىنىڭ مەركىزىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى 60 ياشتىن يۇقىرى 30 ياشتىن تۆۋەن كىشىلەر، يەنى ئاھالىلار ئىچىدە ئىجتىمائىي قوغدىنىشى ئەڭ تۆۋەن كىشىلەردۇر.

زەھەرلىك چېكىملىك ئۆسۈملۈكلىرىگە زەربە بېرىش جەريانىدا بىز دائىم مۇنداق سوئاللەرنى ئاڭلايمىز: سىلەر كېلىپ نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ سىلەر بۇ يەردە نېمە ئىزدەۋاتىسىلەر؟ كەلگۈسىدە مېنى ۋە بالامنى كىم باقىدۇ؟ بىراق بىز بۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ جاۋاپ بېرەلمەيمىز.

زەھەرلىك چېكىملىك داۋاملىق كېڭەيمەكتە. دۆلىتىمىزدە زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ سانىمۇ ئاشماقتا. ئىلگىرى كىشىلەرگە قورقۇنچلۇق تۇيۇلغان ئەپيۇن توغرىسىدىكى گەپلەر دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھېچقانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس، بىراق ئامېرىكىلىق كەسپداشلىرىمىز بىزگە مۇنداق دېدى: سىلەر بارلىق ئەپيۇنلارنى قىرغىزستاندىن چىقىرىپ تاشلاشنى ئارزۇ قىلىسىلەر، بىراق بۇ بىھۇدە ئاۋارىچىلىق. زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىك گۇرۇھى بىزنىڭ بۇ يەرگە بىر قىسىم ئەپيۇننى قالدۇرۇپ قويىدى. زەھەرلىك چېكىملىككە داۋاملىق ئېھتىياجلىق بولغان بىر قىسىم " چېكەرمەن " لەر ئۇنىڭغا نىسبەتەن تولىمۇ پايدىلىق. بۇ بىرى. يەنە بىرى، پاكىستاننىڭ ئۆزىلا بىر ئىسپات. بۇ ئىسلام دىنى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە دۆلەت. ئۇلار ئەپيۇن سودىسى بىلەن ھەقىقىي تۈردە كۈرەش قىلدى ھەم ئاز بولمىغان مەبلەغلەرنى سالدى. ئۇ يەردە زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى 20 يىل ئېلىپ بېرىلدى، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى " كېرەك يوق، بارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەر بۇ يەردىن چىقىپ كېتىدۇ، بىزگە يېپىشىۋالمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ خەلقىمىز ئەپيۇننىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. " دېيىشىدۇ. ئاقىۋەتتە قانداق بولدى؟ 20 يىلدىن كېيىن، پاكىستاندا 3 مىليون داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان خېروئىن چەككۈچىلەر بارلىققا كەلدى، بۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق سان.

1992- يىلى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغان ئورۇش يارىسى ئەمدىلا ساقايغاندا، بىزنىڭ ئافغانىستانلىق كەسپداشلىرىمىز ئىراندا ئېچىلغان خەلقئارا يىغىندا: بۇگۈن ئافغانىستاننىڭ ئەپيۇنىنى كېڭەيتىشى 1979- يىلىدىن بۇرۇن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھىمسىز قىلمىشلىرىدىن ئۈچ ئېلىش، دېدى. ئەگەر ئۇلار راستىنلا بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئۈچ ئالىدىغان بولسا، بۇ بىر خىل خەتەرلىك ھەم ئەمەلگە ئاشىدىغان ھېساب ئېلىش ئۇسۇلىدۇر. بۇ بەلكىم بىزنى بويسۇندۇرىدىغان بىردىنبىر يولدۇر. ئەگەر زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ كېڭىيىش دەرىجىسى يەنە 10 - 15 يىل داۋاملاشسا، بىزنىڭ بۇ يەردىكى ھەممە كىشىلەر زەھەرلىك چېكىملىككە ئېھتىياج بولۇپ قالىمىز. ئىككىنچى خىل ئاقىۋەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەپيۇننىڭ ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىشىغا سەۋەپ بولىۋاتقان يەنە بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقنىڭ يامراش مەسىلىسىدۇر. ئۇ زەھەرلىك چېكىملىكتىنمۇ قورقۇنچلۇق بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈن بىز خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقنىڭ جەمئىيىتىمىزدە كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقانلىقىغا ئىشەنمەي تۇرالمايمىز. ئۇ زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى بىلەن ئۆز ئارا بىرلىشىۋېلىپ بىرى - بىرىدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. نۇرغۇنلىغان ھۆكۈمەت خادىملىرى، تاموژنا خادىملىرى ۋە ساقچى خادىملىرى بۇ ئىشقا ئەسىر بولۇپ، زەھەرلىك چېكىملىك سودىسىغا بېرىلىپ كەتتى. يېقىندا ئوش ئوبلاستىدا زەھەرلىك چېكىملىك سودىسىغا قارشى تۇرۇش ئورنىدىكى خىزمەتچى

خادىملارغا مۇناسىۋەتلىك دېلو ئۈستىدە ئاخىرقى سوت ئېچىلدى. ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بۇ خادىملارغا كۆز تىكىپ يۈردى. رازۋېتكا ۋە سوت قىلىش جەريانىدا كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان نومۇسسىز ئىشلار ئاشكارىلاندى. جىنايەتچىلەر ئۇچىسىدىكى ساقچى كىيىمىدىن پايدىلىنىپ نەچچە خىل زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇلارنىڭ ئالاقە دائىرىسى ئافغانىستانغىچە كېڭەيگەن، ئۇلار ھەر خىل جەڭ قىلغۇچى قىسىملارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە جەڭ مەيدانى قوماندانى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت قىلغان، جەڭ مەيدانى قوماندانى ئۇلارنى ئەپيۇن بىلەن تەمىنلىگەن.

يېقىندا دۈشەنبە ھۆكۈمەت تەرەپ تاجىكىستان پايتەختى ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنى قولغا ئالدى. ئۇ 61.5 كىلوگرام زەھەرلىك چېكىملىك خام ئەشياسىنى قىرغىزىستانغا توشۇماقچى بولغان. بۇ خەۋەر يەنە نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟

خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق — قىرغىزىستاندا دەل راۋاجلىنىۋاتقان دېموكراتىيىنى ۋاقىتسىز تۈگىتىدىغان ئىككىنچى ئامىلدۇر. دۆلىتىمىزنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ھەرىكەتلىرى ئاسىيادا ئەسلىدىنلا " مەشھۇر " ئىدى. زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا غايەت زور مىقداردىكى پۇل قوشۇلسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇنى توسۇشقا يېتەرلىك غەيرىتى بولمىسا بۇ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن ئالساق، بىر ساقچىنىڭ مائاشى 40 ئامېرىكا دوللىرى دېسەك، ئۇ تەكشۈرۈش ئېغىزىدا دېجۇرنىلىق قىلغاندا لىق ئەپيۇن قاچىلانغان ئاپتوموبىلنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتكۈزۈۋەتسە، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىك گۇرۇھى ئۇنىڭغا مائاشىنىڭ 10 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىغان ھەق بەرسە. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈپ ھەر ئايدا 2000 ئامېرىكا دوللىرى بەرسەك، ئەتكەسچىلىك گۇرۇھىمۇ ئوخشاشلا تېخىمۇ كۆپ ھەق بېرىدۇ. بۇ خىل قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى ھازىرچە يوق.

زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ يامرىشى قورال - ياراق مەسىلىسىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىك كېڭەيگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، تاجىكىستاننىڭ گورنو - باراخشات ئوبلاستىدىكى جەڭ قىلغۇچى خادىملار بىزگە كاپالەت بېرىپ مۇنداق دېدى: زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەشكە بىزنىڭمۇ ئامالىمىز يوق، چۈنكى بۇ ھەقىقەتەنمۇ ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئامالسىز بولۇۋاتقان ئىش. قورال - ياراققا كەلسەك، ئۇنىڭ دۆلەتلەرگە ئېقىپ كىرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلالايمىز، چۈنكى ئۆزىمىزگىمۇ قورال - ياراق كېرەك، بۇنىڭغا غەم قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ. ھازىر بىزنىڭ چېگرا رايونىمىز بىلەن ئوش ئوبلاستىدا " يەردىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان " مۈرىدە كۆتۈرۈۋالىدىغان راكېتا مۇسادىرە قىلىندى، بۇ خىل راكېتا ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن " زەھەرلىك تىكەن " بەلگىلىك راكېتا بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك. بۇ قوراللار نېمە ئۈچۈن ئەسلىدىنلا " باي " بولغان بۇ رايونغا ئېقىپ كىرىدۇ؟ چۈنكى بىر قىسىم كىشىلەر مۇشۇنداق بولۇشقا ئېھتىياجلىق. دىنىي، مىللىي، ئىرقىي ئامىللار قورالغا ئىگە بولۇش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىنكاس پەيدا قىلدى. ھەددىدىن ئارتۇق قورال - ياراقلار ۋەزىيەتنى تېزلا تەۋرىتىپ قويىدۇ.

يېقىندا خېروئىن دۆلىتىمىز چېگرىسىغا

كىردى، بەلكى قىرغىزىستاندا ساپلىقى يۇقىرى خېروئىنلار مۇسادىرە قىلىندى. بۇ خىل خېروئىنلار پەقەت كۆپ خىل مۇرەككەپ ئۇسكۇنىلەرگە ئىگە تەجرىبىخانىلاردىلا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بىزنىڭ ئالاھىدە خادىملىرىمىزنىڭ بايقىشىچە، بۇ تەجرىبىخانىلار يېقىندا بۇ " كۆچمەن " لەر پاكىستاندىن تاجىكىستاننىڭ گورنو - باراخشان ئوبلاستىنىڭ چېگرا رايونىغا كۆچۈپ كەلدى، بەلكىم مورغاپتا يىلتىز تارتىشى مۇمكىن. بىز تۇنجى قېتىم 900 گىرام خېروئىننى« ئوش - نوۋاسىبىرسكى » ئۆۋەتچى ئايرۇپىلانىغا ئولتۇرماقچى بولغان زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىسىدىن يىغىۋالدۇق. خېروئىننىڭ ھەجىمى ئەپيۇندىن كىچىك بولغاچقا قاچىلاشقا ۋە يوشۇرۇشقا ئەپلىك، ئۇنى بايقاش قىيىن، تاغدىكى چىغىر يوللاردا خېروئىن يۆتكەشنى توسۇش تېخىمۇ قىيىن. ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىندا ئوش ئوبلاستىدا يەنە بىر تەكشۈرۈش ئېغىزى — ئېركېشتان تەسىس قىلىندى، بۇ يەردىن جۇڭگوغا كىرىشكە بولىدۇ. شۇبھىسىزكى، پاكىستان - ئافغانىستان - تاجىكىستان زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىك گۇرۇپپىلىرى بۇ يولدىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىز بىلەن زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالاش تەكلىپىنى بەردى. بۇ خىل ئاددىي چاغلىغىلى بولمايدىغان ۋەزىيەت ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا شەكىللەندى. زەھەرلىك چېكىملىك بۇ جەرياندا سەل قارىغىلى بولمايدىغان رول ئوينىماقتا. بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئورتاق چېگرىگە ئىگە دۆلەتلەر ھەرگىزمۇ مۇھىم سىياسىي مەسىلىلەرنىڭ سىرتىغا قويۇپ قويمايدۇ.

زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاجىكىستان بىلەن قىرغىزىستاننى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا مەڭگۈ مۇقىم بولمىغان ھالەتتە ( تاجىكىستان ھازىر دەل مۇشۇ خىل ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ ) قالدۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولامدۇ - يوق؟ جاۋاپ ئېنىق - بولىدۇ. تېخىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، 1993-يىلى بىر خەۋەر بىزنى چۆچىتىۋەتتى: بىر توپ سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان كىشىلەر تاۋۇردالادا 50 ئاپتوموبىلدىن تەشكىللەنگەن ئاپتوموبىل ئەترىتىنى ۋەيران قىلغان، بۇ ئاپتوموبىللار گورنو - باداخشاننىڭ مەركىزى خوروگ شەھىرىدىن ئۇن ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى توشۇغان. نۇرغۇن ئادەملەر ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. كونكرېت جىنايەتچىلەر ئېنىقلاپ چىقىلمىدى، بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقە كىمگە پايدىلىق؟ زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىك گۇرۇھىغا پايدىلىق. ئۇلار مۇقىمسىز، ئاجىز، تەشكىلسىز، كۈچلۈك تەرتىپ بەرپا قىلالمايدىغان دۆلەت ھاكىمىيىتىگە ئېھتىياجلىق. ئۇلار كومپارتىيىگىمۇ مۇھتاج ئەمەس، فاشىستلارغىمۇ مۇھتاج ئەمەس، بىراق ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەتلىك، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدى- غان توقۇنۇش بولسىلا بولىدۇ. ئۇلار كېلىشىمدە ئىمزالانغان نىشان بويىچە بىر نەچچە قەدەم ماڭسىلا، ئارقىدىنلا « ئۈچىنچى خىل كۈچ » ئارىلىشىپ قانلىق توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ماسلاشتۇرۇش جەريانى قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ ياكى ئارقىغا چېكىنىپ كېتىدۇ.

يېقىندا دۇشەنبىدە يۈز بەرگەن رازۋېدكىچىلار بىلەن تاموژنا ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئەپيۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ - يوق؟ بۇ خىل توقۇنۇش ئاخىرىدا ئادەم ئۆلۈشتەك قوراللىق قارشىلىشىشقا ئۆزگەردى.

بىراق، قانداقلا بولمىسۇن، قىرغىزستان بۇنىڭغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرمىدى. بارلىق مەسىلىلەر ۋاقتىنچە ھەل بولمايدۇ، بىراق بىز پائال تەدبىر قوللىنىۋاتىمىز. تاجىكىستاندىمۇ يېقىندا قىرغىزستاننىڭ ئوخشاش زەھەرلىك چېكىملىكنى تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى. دۆلىتىمىزدە 1993-يىلىلا بۇ كومىتېت قۇرۇلغان. قىرغىزستاندا مۇستەقىل ھالدىكى زەھەرلىك چېكىملىك سودىسىغا قارشى تۇرۇش ئىدارىسى 1991-يىلى قۇرۇلغان، بۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى ئىچىدە تۇنجىسى. بىز بىرىنچى بولۇپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش خەلقئارا ئەھدىنامىسى تۈزۈپ، دۆلەت زەھەرلىك چېكىملىك تەتقىقات مەركىزى قۇردۇق. دۆلەتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش پروگراممىسى ( ھازىر بۇ پروگراممىنى ئېنىق ھەم ئىزچىل بولغان قىرغىزستان ستراتېگىيىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ ) تۈزۈپ چىقىلدى. ھازىر، زەھەرلىك چېكىملىكنى ساقلاش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى مەنئىي قىلىشنى ھەقىقىي تۈردە ئېلان قىلغان تاجىكىستان دەل بىزنىڭ يولىمىز بويىچە ئالغا باسماقتا.

بىراق، مەيلى قىرغىزستان، ياكى تاجىكىستان بولسۇن ھەتتا رۇسىيە بىلەن بىرلىشىپ تىرىشساقمۇ ھەممىسى زور مىقداردا مەبلەغ چىقىرىپ بۇ مەسىلىلەرنى تېز ۋە ئەلتۈكۈس ھەل قىلالمايمىز.

قىرغىزستانلىقلار زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ داۋاملىق كېڭىيىشىنى ئۆز چېگرىسى سىرتىدا توسۇشقا قىزىقىدىغان دۆلەتلەرنىڭ پائال قوللىشىنى، دۆلىتىمىزدە خەلقئارا زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش پىلانىنى قانات يايدۇرۇۋاتقان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ياردىمىنى كۈتۈش ھوقۇقىغا ئىگە.

قازاقىستان « ئاسىيا - ئىقتىساد ۋە تۇرمۇش » ھەپتىلىك گېزىتىدىن ئېلىندى. ( 02 )

## ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئىمپورت قىلىنغان كېرەكسىز مېتاللارغا بولغان نازارەت ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى

تاموژنا باش مەھكىمىسى كېرەكسىز مېتاللارنى ئىمپورت قىلىشقا بولغان نازارەت ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇشنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تاموژنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ ھەمدە تاۋار تەكشۈرۈش تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە كارخانىلار ئىمپورت قىلىدىغان كېرەكسىز مېتاللارغا قارىتا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يىل 2-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى تاموژنىسى تۆت تۈركۈم رادىئوئاكتىپلىقى ئېشىپ كەتكەن ئىمپورت قىلىنغان كېرەكسىز مېتاللارنى چېگرىدىن قايتۇرۇۋەتتى، قايتۇرۇۋېتىلگەن كېرەكسىز مېتاللار ئاساسلىقى كېرەكسىز ئاليۇمىن ۋە كېرەكسىز مىس پارچىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 39.8 توننىغا يېتىدۇ. ( 03 )

# 11 مىليارد ئامېرىكا دوللىرلىق نېفت توشۇش ھەققى

قازاقستان كاسپىي دېڭىزى تۇرۇبا يولى مالىيە گۇرۇھى ياساۋاتقان نېفت تۇرۇبىسىنىڭ قازاقستان بۆلىكى ئارقىلىق نېفت توشۇپ، شۇ ئارقىلىق 40 يىلدا 11 مىليارد ئامېرىكا دوللىرلىق نېفت توشۇش ھەققىگە ئېرىشىشنى پىلانلىماقتا.

قازاقستان ئۆز نېفتىنى بازارلاردا سېتىش ئارقىلىق كۆپ قىسىم پايدىغا ئېرىشىشكە ھازىرلانماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى نېفت توشۇش ھەققى نېفت باھاسىنىڭ پەقەت 9%—12% نىلا ئىگىلەيدۇ. كاسپىي دېڭىزى تۇرۇبىسىنىڭ بىرىنجى بۆلىكىدە توشۇلىدىغان نېفتىنىڭ يىللىق ئەڭ كۆپ مىقدارى 28 مىليون توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 20 مىليون تونىسى قازاقستان نېفتىدۇر. قازاقستاندا ھازىر يۈرگۈزۈلىۋاتقان توشۇش ھەققى توغرىسىدا، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇ دۇنيا بويىچە قوللىنىۋاتقان ئادەتتىكى توشۇش ھەققى يەنى بىر توننا نېفتىنىڭ بىر كىلومېتىردىكى 5.5 ئامېرىكا دوللىرلىق توشۇش ھەققىدىنمۇ تۆۋەن ئىكەن، ھالبۇكى روسىيىنىڭ بىر توننا نېفتىنىڭ بىر كىلومېتىردىكى توشۇش ھەققى بولسا 7 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن.

قازاقستان دۆلەتلىك نېفت ترانسپورت شىركىتى كاسپىي دېڭىزى تۇرۇبا يولى مالىيە گۇرۇھىنىڭ قازاقستاندىكى مەبلىغىنى تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. قازاقستاننىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6200 كىلومېتىر كېلىدىغان نېفت توشۇش غول لىنىيىسى مەزكۇر شىركەتنىڭ قانۇنىي فوندىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ غول لىنىيە قازاقستان قازغان 59% خام نېفتىنى توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ( 03 )

# قىرغىزستان جۇڭگو تاۋارلىرى ۋە يېڭى تېخنىكىلار كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى

قىرغىزستان بىلەن دۆلىتىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي سودا ۋە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ خەلقئارالىق ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، قىرغىزستان تاشقى سودا ۋە سانائەت مىنىستىرلىكى 1998-يىلى 7-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە قىرغىزستاننىڭ بىشكەك شەھىرىدە « جۇڭگو تاۋارلىرى ۋە يېڭى تېخنىكىلار كۆرگەزمىسى » ئۆتكۈزۈلدى

كۆرگەزمە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى يېڭى قۇرۇلغان تۇنجى جۇڭگو تاۋارلىرى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قىرغىزستاننىڭ شەرقىي قىسمى ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن چېگرىلىنىدىغان بولغاچقا، مەزكۇر كۆرگەزمە ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي سودىسىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. بۇ قېتىملىق كۆرگەزمىنىڭ مەزمۇنى جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ تاۋارلىرىنى سېتىش ۋە جۇڭگونىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ( 03 )

## «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز

«ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى دۆلىتىمىزدە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرى، شۇنداقلا قانۇن - بەلگىلىمىلىرىنى خەۋەر قىلىدىغان بىردىنبىر ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر ژۇرنىلىدۇر. ژۇرنىلىمىز مەملىكەت ئىچىدە ئاشكارە تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت ئىچىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر مۇشتەرى بولۇش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسىڭىز مۇشتەرى بولۇش ھەققىنى بىۋاستە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ.

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇرلۇق قورا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

تېلېفون نومۇرى: 0991 - 3837994

پوچتا نومۇرى: 830011

ئالاقىلاشقۇچى: مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم

# 《中亚信息》(维吾尔文) ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

双月刊

قوش ئايلىق ژۇرنال

主办单位：新疆维吾尔自治区科委
海宇国际集团
出版单位：新疆科技情报研究所
《中亚信息》杂志社
印　　刷：新疆科技报印刷厂
总 发 行：乌鲁木齐邮政局
订　　阅：全国各地邮局(所)
邮政代号：58 — 132
电　　话：(0991) 3837994
地　　址：乌鲁木齐市北京南路
40号附8号
邮政编号：830011
定　　价：3.00元/册
国内同一刊号：CN65 — 1133/N

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى
خەييۇي خەلقئارا گۇرۇھى
نەشر قىلغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا
ئاخبارات تەتقىقات ئورنى
تۈزگۈچى: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: «شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى» باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى پوچتىخانىلار
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 132
تېلېفون نومۇرى: (0991) 3837994
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40-نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830011، باھاسى: 3.00 يۈەن
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرلىككە كەلگەن
ژۇرنال نومۇرى: CN65 — 1133/N